# دۇردانە لەتىپىلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 978-7-228-08026-7

9 787228 080267 >

定价：13.00元

# دۇردانە لەتىپىلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ماخمۇت مۇھەممەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

笑话精粹/马合木提·买买提整理.－乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.5 (2008.4 重印)
ISBN 978－7－228－08026－7

Ⅰ.笑… Ⅱ.马… Ⅲ.维吾尔族－笑话－作品集－中国－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 037430 号

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 艾则孜·吐尔迪 |
| **责任校对** | 艾加尔古丽·吐尔逊 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **电　　话** | 0991－2827472 |
| **邮政编码** | 830001 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **印　　刷** | 新疆日报社印务中心 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 5.875 |
| **版　　次** | 2003 年 5 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2009 年 2 月第 3 次印刷 |
| **印　　数** | 6001—10000 册 |
| **定　　价** | 13.00 元 |

# دۇردانە لەتىپىلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ماخمۇت مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەجەرگۈل تۇرسۇن
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
تېلېفون: 0991—2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ گېزىتى باسما ئىشلىرى مەركىزى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 5.875
نەشرى: 2003 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2009 - يىلى 2 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىرازى: 6001—10000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—228—08026—7
باھاسى: 13.00 يۈەن

# ئالتۇن يەردە ياتمايدۇ

(كىرىش سۆز ئورنىدا)

مەن كۆرگەن ئادەملەر ئىچىدە ئۇ ھەممىدىن ئۆز سۆزلۈك ، تىنىمسىز ، پاراڭچى ھەم ئاق كۆڭۈل ئىدى . بىرلا ۋاقىتتا ئۆزىدە شۇنچە كۆپ خىسلەتنى مۇجەسسەملىگەن بۇ ئادەم ئىچ - قارنى كەچمىش ، ئەسلىمە ، ۋەقە ، سان - سىپىر ، ئىسىملار··· بىلەن توشۇپ كەتكەن ، بىز ئۇچۇن مەڭگۇ تەۋەررۇك ، ماڭالايدىغان كان — تېيىپجان ھادى ئاكا ئىدى .

ئۇنى دەسلەپ ئۇچراتقان ۋاقتىم ئېسىمدە يوق . رەسمىي تونۇشۇپ ، پاراڭلاشقىنىمىز 1982 - يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلى بولۇپ ، بىر كۈنى ئۇ غۇلجا شەھەرلىك رادىئو ئۇزېلىنىڭ مۇخبىرلار ئىشخانىسىغا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ ، كەمتەرىن سالام بىلەن كىرىپ كەلدى . ئۇ چاغلاردا مەن مۇشۇ ئىدارىدە مۇخبىرلىق قىلاتتىم .

سالام - سەھەتتىن كېيىن تېيىپجان ھادى ئاكا خۇددى كونا تونۇشلاردەكلا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى . چېكىپ تۈگەيلا دەپ قالغان موخوركىسىنى چىمدىپ تۇتۇۋالغان ، بارماقلىرى ئىستىن سارغايغانىدى .

— ھە ، قەغەزنى بوياۋەردىڭىز ؟

— ئالامەت بويايدۇ بۇ بالا ، ھەممىمىزدىن جىق بويىۋېتىدۇ ، — تۆر تەرەپتىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان پېشقەدەم مۇخبىر دۆلەت تۇرسۇن ئاكا تېيىپجان ئاكىنىڭ چاقچىقىغا يانداشتى . تېيىپجىنىكام قولىدىكى تاماكىسىنى بىرنەچچىنى شوراپ ، كۈلدانغا باستۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئۈستەل ئۈستىدىكى گېزىتلەرگە

بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى . كېيىن بىرنەرسە توساتتىن يادىدىن كەچكەندەك ، بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ :

— ھوي ، سىز ھەرەمباغدىكى مۇھەممەتجان ئەپەندىنىڭ ئوغلىكەنسىز ـ ھە ؟ — دېدى .

— شۇنداق ! — دېدىم ئەدەپ بىلەن .

— ۋاي توۋا ! — تېيىپجىنىكام پەقەت ئۆزىگىلا خاس يېقىملىقلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى ، — «ماخمۇت مۇھەممەت ، ماخمۇت مۇھەممەت» دېسە ، ھەدەپلا يۈرۈپتىمەن ، قايسى كۈنى بىر تويدا بىرى شۇنداق دەيدۇ . ۋاي توۋا ، دادىڭىز بىلەن بۇرادەرچىلىكىمىز بار ئىدى . ئۇنى مۇھەممەتجان ھاپىز دېمىسە ، كۆپ ئادەم ئۇقمايدۇ .

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن تاكى تېيىپجان ھادى ئاكا پانىي دۇنيادىن ئايرىلغۇچە ، تالاي يىل ئۇنىڭ بىلەن ھەمدىدار ، ھەمسۆھبەت ، ھەمتاۋاق ، ھەمپىكىر بولۇپ ، بۇ ئادەمدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلدىم ، ئۆگەندىم . تارىخىي چىنلىققا باي ، ئۆزىگە خاس چوچۇك تىللىق يازمىلىرىنى ئوقۇدۇم ، چىن كۆڭلىدىن سۆزلەپ بەرگەن نۇرغۇن ئارزۇ ـ پىلانلىرىنى ئاڭلاپ قۇۋاندىم ، ھەر دائىم سۆھبىتىگە تەشنا بولدۇم ، شۇ قاتاردا ئۇنىڭغا ئادەت سۆزى بولۇپكەتكەن يېقىملىق «ۋاي توۋا !» دېگەن سۆزىنى نۇرغۇن ـ نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىدىم .

ئۇنىڭ غۇلجا شەھىرى «شەرق» مەھەللىسىگە جايلاشقان كەڭ ، يېشىلچىلىققا تولغان ھويلىسىغا كۆپ باراتتىم . قاچانلىكى بارسام ئۇنىڭ ئىككى ئىشنىڭ بىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىنى — يا يېزىقچىلىق قىلىۋاتقىنىنى ، يا بولمىسا ھويلىسىدىكى مېۋىلەرگە ئىشلەۋاتقىنىنى كۆرەتتىم . ئۇنىڭ بىكار ئولتۇرغان ، زېرىكىشتىن ۋايسىغان ۋاقتىنى كۆرگىنىم يوق . لېكىن موخوركىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ دېگۇدەك زىيادە چېكىدىغانلىقىنى دائىم كۆرۈپ تۇراتتىم . ئۇنىڭ بىلەن بىرەر سائەت پاراڭلىشىپ ئولتۇرسىڭىز ، كۆلدانىنىڭ قانداق توشۇپ قالغىنىنى سەزمەي قالاتتىڭىز .

تېيىپجان ھادى ئاكا تىنىمسىز ئىشلەيدىغان ئاددىي ـ ساددا ،

كىچىك پېئىل ، ھېسسىياتچان ئادەم ئىدى . ئاددىي تىل بىلەن كاتتا پىكرلەرنى ئىپادىلەشنى بىلەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ھېچقاچان ئۆز پىكرىنى ، كۆز قارىشىنى سۇۋاپ ، يوشۇرۇپ ئولتۇرىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى . ئاپەتلىك يىللارنىڭ سورۇقچىلىقىنى كۆپ تارتقان بۇ ئادەم دۇمبىسى سەل – پەل ئاپتاپ كۆرگەندىن كېيىن بىلىدىغانلىرىنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ ، خەلققە تەقدىم قىلىش كويىدا ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي قۇۋۋەتلىك قوللىرىغا خاسىيەتلىك قەلىمىنى ئالغانىدى . گەرچە ئەجەل ئۇنىڭغا ئانچە كۆپ پۇرسەت بەرمىگەن بولسىمۇ ، قىسقىغىنا يىللار ئىچىدە ئۆزىگە خاس تىل ، ئۇسلۇب ، پىكىر بىلەن ئاز ، لېكىن ساز ، خەلقىمىز ياقتۇرۇپ ئوقۇپ ئالقىشلىغان ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى . ئىلى تارىخى باياندىكى مول پاكىتلىق ، دەل پىكىرلىك ماقالىلىرى ئۇنىڭ كۆپتىن خەۋەردار ، ھايات شاھىتلىق خىسلىتىنى نامايان قىلسا ، «پالۋان كەلدى» ، «ھېكىم چورۇق» ، «كۆزۈمنى ئېچىپ چىقتىم» ، «ئۆچكە دۆڭدە لاۋۇلدىغان مەشئەللەر» ، «باتۇر كەلدى» قاتارلىق تارىخىي ھېكايىلىرى ئوقۇرمەنلەر قەلبىنى تىترەتكەن ، ئۇلارنى زوق – شوققا چۆمدۈرگەنىدى . ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن پىلانى ، تېمىسى ، تەرەددۇتلىرى بار ئىدى .

— گۈلەمخان ھەققىدە بىرنەرسە يېزىۋاتىمەن ، پۈۋېست بولۇپ قالارمىكىن ، — دېگەنىدى ئۇ بىر قېتىم ماڭا . مەن دەرھال ئۇنىڭ تىلىكىگە رىغبەت بەردىم . ئەپسۇس ، ئۇ بۇنى تاماملىيالمىدى . ئەستىلىك قولىيازمىلىرى ئارىسىدا پۈتۈنسۇرۇك ھالەتتە ئۇچرىغان بولسا ، ئۇنى ھەقدارلىرى يورۇققا چىقىرار ئىدى ، بەلكىم !

سادىر پالۋان تېمىسىنى بويلاپ بىرنەچچە ياخشى ھېكايە ئېلان قىلغان تېيىپجان ئاكا بۇ توغرىدا يىرىكرەك ئەسەر يېزىش ئارزۇسى بارلىقىنى ماڭا نەچچە قېتىم ئىزھار قىلغانىدى . ئۇ بۇ پىلاننى دراما شەكلى بويىچە ئورۇنداش پىكرىدىمۇ كۆپ ۋاقىت تولغانغانىدى . مۇبادا سادىر پالۋان تېمىسىدا دراما يېزىپ قالغۇدەك بولسا ، ئەسەرنىڭ باش قىسمىغا بېرىلىدىغان خور ۋە ئىچىدىكى بىرنەچچە ناخشا تېكىستىنى مېنىڭ يېزىپ بېرەلەيدىغان –

بىرەلمەيدىغانلىقىمنى سورىغانىدى ، مەن جان ـ دىلىم بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرگەنىدىم . كېيىن ئۇ بۇ تېمىنى جاپپار قاسىم بىلەن بىرگە ئىشلەش ئۈستىدىمۇ سۆزلىشىپ يۈردى . ئەپسۇس ، بۇ قۇتلۇق ئىشمۇ ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى .

1982 ـ يىلى «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق چاتما چاقچاقلار توپلىمىمنىڭ 1 ـ كىتابى يېڭىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان چاغلار ئىدى . تېيىپجان ھادى ئاكا چاقچاق ئارىلاش مېنى تەبرىكلىدى :

— ئاممىباب بالىكەنسىز جۇمۇ ، ھېسامنىڭ گەپلىرىدىن ئۇبدانلا بىر كىتاب تۈزۈۋالغىنىڭىزنى قاراڭ !

مەن ئۆزۈمنىڭ ھېسام چاقچاقلىرىنى توپلاپ رەتلەشكە نېمە ئۈچۈن قىزىقىپ قالغانلىقىمنىڭ جەريانىنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم . گېپىم ئۈزىراپ كەتكەن بولسىمۇ ، تېيىپجىنكام بىر خىل كۈلۈمسىرەشتە ئەستايىدىل تىڭشاپ ئولتۇردى . ئارىلىقتا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم موخوركا ئوراپ چېكىپمۇ ۋەتتى .

— ۋاي تووۋا ، ھېلىتىن ئالتە يۈزدىن ئوشۇق چاقچاق توپلىدىم دەڭ ، يەنە داۋاملىق توپلىماقچىسىز ، ھېسام ئاخۇننى بىركۆتۈرۈۋېتىدىكەنسىز ـ دە ! ماڭا قاراڭ ، ئاشۇ چاقچاقلارنىڭ كۆپىنى ئۆزىڭىز توقۇيسىزغۇ دەيمەن ؟

مەن ئۇن چىقارماي كۈلۈمسىرىدىم . تېيىپجان ھادى ئاكا بىرنېمىنى ئېسىگە ئالغاندەك ، تېڭىرقاپ قالدى ، كېيىن ماڭا قاراپ دېدى :

— ماڭا قاراڭ ماخمۇت ، سىزدە باشقا لەتىپىلەردىنمۇ بارمۇ ، خەلق لەتىپىلىرىدىن دەيمەن ؟

مەن ئۆزۈمنىڭ يىللاردىن بېرى ئاڭلىغانلا يېرىمدە بىردىن ـ ئىككىدىن خاتىرىلەپ ، ئايرىم خالتىدا ساقلاپ يۈرگەن بىرەر يۈزگە يېقىن لەتىپىگە ئىگە ئىكەنلىكىمنى يۇمۇرلۇق تىل بىلەن ئېيتىۋىدىم ، تېيىپجان ئاكا ئاجايىپ بىر تەرزدە قىزىقسىنىپ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى ۋە دېدى :

— ۋاي شەيتانەي ، ۋاي تووۋا ، ھە بوپتۇ ، مېنىڭ دېمەكچى

بولغىنىم ، مەندىمۇ ئۇزاقتىن بېرى توپلىغان شۇنچىلىك لەتىپە بار ئىدى ، مەن يۇمۇرلۇق تىلغا گالىراق دەۋا ، سىز بۇ ئىشنىڭ ئېپىنى ئېلىپ قالدىڭىز ، ئاشۇ لەتىپىلەرنى سىزگە بەرسەم ، ئۆزىڭىزدىكىنى قوشۇپ ، راسا بىر تاۋلاپ باقمامسىز .

مەن خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىگە قوشۇلدۇم .

ۋەدىمىز شۇ بولدى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ، مەن ئۇنىڭكىگە باردىم . تېيىپجان ھادى ئاكا ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان بىر قېلىن سېرىق كونۋېرتنى ماڭا بەردى . كونۋېرت ئىچىدە يېشىل كۆن تاشلىق چىمەلتەك قېلىنلىقىدىكى خاتىرە دەپتەر بىلەن ئىككى يۆكلەنگەن يېرىم توپ ھال رەڭ ئىش قەغىزى بار ئىدى . كۆك ۋە قىزىل سىياھ بىلەنمۇ ، قېرىنداش بىلەنمۇ خاتىرىلەنگەن ، چاغاتاي ئىملاسىغا يېقىن نۇسخىدا يېزىلغان لەتىپىلەر نەچچە كۈنگىچە دىققەت مەركىزىمدە بولدى . مەن ئىلگىرى كۆپلىرىنى ئاڭلىمىغان ، سۆز - جۈملىلىرى ئاجايىپ پاساھەتلىك ، قىزىقارلىق ، مەنىلىك بۇ لەتىپىلەرنىڭ تۈنجى ئوقۇرمىنى بولدۇم .

گەپىنىڭ قىسقىسى ، تېيىپجىنىكام ۋە ئۆزۈم توپلىغان لەتىپىلەرنى قوشۇپ ، بىر ئايچە يېڭى مەشغۇلات بىلەن بەند بولدۇم . ئىككى يۈزدىن ئارتۇقراق لەتىپە ئىچىدىن بىر يۈز سەكسەننى تاللىۋېلىپ ، قايتا ـ قايتا ئىشلەپ ، تېيىپجىنىكام بىلەن نەچچە قېتىم كېڭىشىپ ، ئاخىر «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» ناملىق بىر يۈرۈش ئۈچ نۇسخا قوليازمىنى تەييار قىلدىم ، بىر نۇسخىنى تېيىپجىنىكامغا بەردىم ، بىر نۇسخىسىنى ئۆزۈم ساقلاشقا ئېلىپ قالدىم ، بىر نۇسخىنى بولسا ، ئىككىمىزنىڭ نامىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا ئەۋەتىپ بەردىم .

بىزنىڭ ئارزۇيىمىزغا ۋە تىرىشچانلىقىمىزغا يارىشا «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» مىز ئايرىم كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنالمىدى . بىراق ، شۇ كەملەردە نەشرىياتقا ھەر خىل ، ھەر رەڭ لەتىپىلەر خېلى كۆپ كېلىپ تۇرغاچقا ، نەشرىيات «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» نامىدىكى يۈرۈشلۈك لەتىپىلەر مەجمۇئەسى چىقىرىشنى قارار قىلدى . مەجمۇئەنىڭ تۈنجى سانىغا بىزنىڭ

كىتابىمىزدىكى بىر بۆلۈك لەتىپىلەر «تاللاپ» كىرگۈزۈلدى.
يېشىل خاتىرە بىلەن ھال رەڭ ئورىگىنال توپلىمى ھېلىقى كونۋېرتتا تاھازىرغىچە مەندە ساقلانماقتا. ھەر قېتىم بىرەر ماتېرىيال ئاختۇرغىنىمدا، قولۇمغا ئۇ كونۋېرت چىقىپ قالسا، باشقا ئىشلىرىمنى ئۇنتۇپ، بىر ھازاغىچە تونۇش پۇچىركىلىق تەۋەررۈك لەتىپىلەرنى بىر باشتىن ئوقۇپ كېتىمەن، يېڭىدىن ـ يېڭى مەنە ۋە لەززەت تاپىمەن، شۇنداقلا ھەر قېتىم «ئامان ـ ئېسەنچىلىك بولسا، بۇ لەتىپىلەرنى خەلقىمىزگە تولۇقى بىلەن تونۇشتۇرىمەن، يەتكۈزىمەن» دەپ ئويلايمەن.
تېيىپجان ھادى ئاكا ئاددىي، كەمتەر، تىرىشچان پەزىلىتى بىلەن بىزنىڭ ئادەم بولۇش جەھەتتىكى ئۆلگىمىز بولۇپلا قالماي، ئىزگۈ نىيەتلەرگە تولغان يېزىقچىلىق خىسلىتى بىلەنمۇ قەلەم ئەھلىنىڭ ئۆرنىكى بولۇشقا مۇناسىپ. تەقدىر ئۇنى يەنە بىرنەچچە يىل ئىجادىيەت دېڭىزىغا قويۇپ بەرگەن بولسا، يۇرتىمىز، خەلقىمىز تارىخىغا ئائىت تېخىمۇ كۆپ ئۇنچە ـ مەرۋايىتنى خەلققە تەقدىم ئەتكەن بولاتتى. ئىسىت، ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ كۆڭۈل خەزىنىسىدىكى بايلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزى بىلەن بىرگە يوقلۇق ئالەمگە سىڭىپ كەتتى.
تېيىپجان ھادىنىڭ ئازغىنە ـ ئۆزغىنە ئىجادىي ئەمگىكى خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل بېغىدا خۇش پۇراق قىزىلگۈل بولۇپ يىلتىز تارتتى، پورەكلەپ ئېچىلدى. مۇئەللىپ ئۆزىمۇ خەلق تەرىپىدىن ئالتۇن سانىلىپ، ئەزىزلەندى، باشلاردا كۆتۈرۈلدى.
شۇنىمۇ قوشقاچ كېتەي: تېيىپجان ھادى ئاكا توپلىغان ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مىسلى بىر ئالتۇن. ئۇ ھەرگىز يەردە قالمايدۇ، مۆھتەرەم، ئاق نىيەت خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل كۆيىنى دولقۇنلىتىپ، فولكلور خەزىنىمىزنىڭ ئىستىقباللىق باغرىدا چاقناۋېرىدۇ.

2000 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى

توپلاپ رەتلىگۈچىلەر : تېيىپجان ھادى
ماخمۇت مۇھەممەت

# ئۇ چاغدا ئۆچۈرۈۋېتىمەن

ئوردا تارىخچىسى مەخسۇس بىر دەپتەرگە ئەخمەقلەرنىڭ ئىسمى - قىلمىشىنى خاتىرىلەپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى پادشاھ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەخمەقلەر تىزىملىكىدە مېنىڭ ئىسمىم يوقتۇ؟

— بار تەقسىر، — دەپتۇ تارىخچى ئەدەپ بىلەن.

— قايسى ئەخمەقلىقىمگە ئىسمىمنى يازىمەن؟ — دەپتۇ پادشاھ ئەجەبلىنىپ.

— بۇلتۇر شەھەردىكى پالانى كاززاپ، — دەپ پادشاھنىڭ يادىغا سېپتۇ تارىخچى، — بىر جۈپ ئېسىل ئارغىماق ئەكېلىپ بېرىمەن دېسە، بىرنەچچە يۈز تىللانى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدىلا؟! قېنى ئەكېلىپ بەرگىنى؟ بۇنىڭدىن ئوشۇق ئەخمەقلىق بولامدۇ؟

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە پادشاھ گاڭگىراپ قاپتۇ ۋە:

— ئۇ كاززاپ يا ئارغىماقنى، يا تىللانى ئەكېلىپ بەرسىچۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، تارىخچى جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھە، ئۇ ۋاقىتتا ئەلۋەتتە سىلىنىڭ نامىشەرىپلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭكىنى يازىمەن.

## بىرىنچى ۋەسىيەت

گالدى - گۇلدۇڭراق بىر ئادەم مەھەللىدىكى بىر قوشنىسىنىڭ ئاغرىپ قالغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنى يوقلاپ كىرىپتۇ - دە، ئالدى بىلەن ھال سوراپتۇ، ئاندىن مۇنداق دەپتۇ:

— راستىنى ئېيتسام، دادام رەھمەتلىكمۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا

خۇددى سىلىدەكلا ئاغرىپ ياتقاندى . بايقىشىمچە ، سىلىنىڭمۇ ۋاقىت ـ سائەتلىرى توشۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ ، شۇڭا مۇشۇنچىلىك ۋاقىتلىرىدا باللارغا دەيدىغان گەپلىرى بولسا دەۋالسىلا !
شۇ چاغدا ئاغرىق كىشى باللىرى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ، ئۇلارغا :
— باللىرىم ، مېنىڭ بىرىنچى ۋەسىيىتىم ، بۇ ساراڭنى قوغلاپ چىقىرىڭلار ۋە ئىككىنچى ئۆيگە يوللاتماڭلار ، — دەپتۇ .

## ئۆزۈڭمۇ يوقالساڭ…

ئۆزى دائىم شەھەردىكى بىر ساراڭنىڭ چىشىغا تېگىپ ئوينايدىغان بىر ئادەم نۇرغۇن ئۇششاق بالىنىڭ ھېلىقى ساراڭنى تېرىكتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ساراڭدىن :
— مۇشۇ باللارنى قوغلىۋېتەيمۇ ؟ — دەپ سورىغاندى .
ساراڭ ئېيتتى :
— بەللى ، بۇلارنى قوغلىغاچ ئۆزۈڭمۇ يوقالساڭ تولىمۇ ياخشى بولاتتى !

## ھوشىدىن كەتسە ھالىمىز خاراب

مەدرىسىنىڭ ۋەخپە ئۆيلىرىنىڭ بىرىدە ئىجارىگە ئولتۇرغۇچى بىر كىشى ئۆي باشقۇرغۇچى مۇتىۋەللىنىڭ يېنىغا بېرىپ :
— تەقسىر ، ئۆيىمىز ئۆرۈلەيلا دەپ قالدى ، ھەتتا قومۇشلىرى ئېچىلىپ ، شامالدا شىلدىرلاپ كېچىچە ياتقۇزمايدۇ ، شۇنى ئوڭشاپ بەرسەڭلار ئىكەن ، — دەپتۇ . مۇتىۋەللى بولسا پەرۋاسىزلا :
— قورقما بۇرادەر ، ئۆيۈڭ خۇدايىمغا تەسبى ئېيتىۋاتىدۇ ، — دەپ چاقچاق قىپتۇ . ھېلىقى كىشى ئېيتىپتۇ :
— ئۆيىنىڭ دەرۋىش سۈپەتلىكىدىن ھېچقانداق گۇمانىم يوق ، بىراق زىكرىگە چۈشكەندە بېشى قېيىپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپ چۈشسە ، ئۇششاق باللار بىلەن بىزنىڭ ھالىمىز خاراب ـ دە !

## مەن سېنى قاچان تاپقان

بىر يىگىت يول ياقىسىدا تۇرغان ياش قىزغا چاقچاق قىلىپ پاراڭ سالغىلى تۇرۇپتىكەن، سەل نېرىدا كېلىۋاتقان بوۋاي يۇگۇرۇپ كېلىپ ئاچچىقى بىلەن:
— نېمىدەپ بىراۋنىڭ قىزىغا چاقچاق قىلىسەن؟ — دەپتۇ.
— سىزنىڭ نېمە كارىڭىز؟ — دەپتۇ يىگىت ھېچنېمە بولمىغاندەك قىياپەتتە، — مەن گەپ قىلسام يات ئادەمگە گەپ قىلمىدىم، بۇ مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ.
بوۋاينىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەپتۇ ۋە ساقاللىرىنى تىترىتىپ:
— بۇ مېنىڭ قىزىم، ئەگەر راستىنلا ئۇ سېنىڭ سىڭلىڭ بولسا، دەپ باقە مەن سېنى قاچان تاپقان؟ — دەپتۇ.

## ئۆزۈمنى ئالدىراڭغۇ دېسەم…

تولىمۇ ئەزمە بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ ھەرقانچە جىددىي گەپنىمۇ يەتتە ئايلاندۇرۇپ قىلىدىكەن، بىر كۈنى قوشنىسى ئۇنىڭكىگە پاراڭلاشقىلى كىرىپ، ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشى ئوتقا تېگىپ كېتىپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ، بىراق ئۆزى بايقىماپتۇ. ئەزمە بولسا بۇنى كۆرۈپ:
— مەن بىرنەرسە كۆرۈپ قالدىم، ئەگەر سىز ئۇنى دەرھال نېرى قىلمىسىڭىز، سىزگە زىيان بولارمىكىن، ئەگەر دەپ بەر دېسىڭىزغۇ، قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈزىدىن دەپ بېرەرمەن…— دېيىشكە باشلاپتۇ، قوشنىسى ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي:
— زادى نېمە ئىش بولدى، گاچ - گاچ دېسىڭىزچۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئەزمە:
— چاپىنىڭىزنىڭ پېشى كۆيۈۋاتقىلى نەۋاخ، — دەپتۇ. قوشنىسى دەرھال ئوتنى ئۆچۈرۈۋاپتۇ - دە، ئاچچىقلىنىپ:
— قانداق ئادەمسىز؟ كۆرگەن ھامان ھايت دەپ قويسىڭىز

بولامدۇ؟ — دەپتىكەن، ئەزمە قىتىغا ئالمىغان هالدا جاۋاب بېرىپتۇ.

— مەن ئۆزۈمنى ئالدىراڭغۇ دېسەم، سىز مەندىنمۇ ئۆتە ئالدىراڭغۇ ئىكەنسىز جۇمۇ!

## خوتۇندىن قورقمايدىغان ئادەم بارمۇ

خوتۇندىن بەكمۇ قورقىدىغان پادىشاھ ئۆز ئەيىبىنى يېپىش ئۈچۈن «دۇنيادا خوتۇندىن قورقمايدىغان ئادەم يوق» دېگەن گەپ ئۈستىدە ۋەزىر بىلەن تالىشىپ قاپتۇ، ئاخىر ئۇلار پۈتۈن شەھەردىكى ئەركەكلەرنى شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا يىغدۇرۇپتۇ ـ دە:

— قايسىڭلار خوتۇنىڭلاردىن قورقساڭلار مۇشۇ دەرۋازا ئالدىدىن ئۆتۈڭلار، — دەپ جاكارلاپ، ئۆزلىرى بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ. كەچ كىرگۈچە ئۆتۈش داۋاملىشىپ، ئاخىر بىرلا ئادەم دەرۋازا ئالدىدىن ئۆتمەي، جايىدا تۇرىۋېرىپتۇ.

— قانداق شاھىم، خوتۇندىن قورقمايدىغان بىرەر كىشى بولسىمۇ بارمىكەن؟ — دەپ كۈلۈپتۇ ۋەزىر.

— ئالدىرىما، — دەپتۇ پادىشاھ ۋە ھېلىقى ئادەمنى ئالدىغا چاقىرىپ سوراپتۇ، — سەن نېمىشقا دەرۋازىدىن ئۆتمىدىڭ؟ قارىغاندا خوتۇنۇڭدىن قورقمايدىغان ئوخشىمامسەن؟

— ۋاي پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم، — مەنمۇ بايىلا ئۆتەتتىم، بىراق خوتۇنۇم «جىق ئادەملەر كىتىۋاتقان تەرەپكە ماڭما» دېگەچكە جايىمدا تۇرۇپ قالدىم.

## زىناخور بىلەن يالغانچى

زىناخورلۇقى بىلەن نامى چىققان بىر ئادەم يالغان سۆزلەيدىغان بىراۋدىن سوراپتۇ:

— مۇشۇ شەھەردە قانچىلىك يالغانچى بار ؟
يالغانچى جاۋاب بېرىپتۇ :
— مۇشۇ شەھەردە قانچە زىناخور بولسا ، شۇنچە يالغانچى بار .

## مېنىڭ ئويلىغىنىمدىكىدەك بولسا

ئېغىر ئەھۋالدا ياتقان بىر ئاغرىقنى يوقلاپ كەلگەن كىشى ئۆزىنىڭ ئالدىغا چىققان بىمارنىڭ تۇغقانلىرىدىن :
— بۇرادىرىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟ — دەپ سوراپتۇ .
— خۇداغا شۇكرى ، سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزدىكىدەك ! — دەپ تەشەككۈر بىلدۈرۈپتۇ بىمارنىڭ تۇغقانلىرى .
— مېنىڭ ئويلىغىنىمدىكىدەك بولسا ، — دەپتۇ يوقلاپ كەلگۈچى ، — نېمىشقا بۇ ئۆيدىن قىيا - چىيانىڭ ئۈنى چىقمايدۇ ؟

## يالغان ماختاش

پادىشاھنىڭ ۋەزىرى ئۆزىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلمىغانلارغا ئاچچىقى كېلىپ ، بىر زىياپەتتە :
— ھازىر ھەممىلا ئادەم نەپ بەرگەن ئادەمنى ئوردىنىڭ شائىرلىرىدەك يالغاندىن ماختايدىغان بولۇپ كەتتى ، — دەپ قايناپتىكەن ، ۋەزىرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىراۋ :
— شۇ يالغانچى شائىرلارنى نەچچە قېتىم ئۆيىڭىزگە چاقىرىپ زىياپەت بەردىڭىز ، ئەجەبا ، سىزنى نېمىشقا ماختاپ ، يالغاننى يازمىدى ؟ — دەپ سوراپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر لام - جىم دېيەلمەي قاپتۇ .

## يېنىدا مەن يوق ئىدىم

بىر كىشى ئېشىكىنى ئوغرىلىتىپ قويۇپ ، ئىز - دېرىكىنى

قىلىپ يۈرسە، دوستلىرىدىن بىرى قىزىقىپ:

— ئېشىكىڭنى قانداق ئوغرىلاپ كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى كىشى:

— ئۇنى نەدىن بىلەي، ئېشىكىم ئوغرىلانغاندا، يېنىدا مەن يوق ئىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئىككى خوتۇن ئالغانىنىڭ جازاسى

بىر ئادەمنى ئىككى خوتۇن ئالغانلىقى ئۈچۈن، سوت جازالىماقچى بولۇپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان جاۋابكار:

— مەقسىتىڭلار مېنى جازالاشلا بولسا، ئۇنداقتا ئەڭ ياخشىسى مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ، ئىككى خوتۇنۇمنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرغۇزۇپ قويۇڭلار، چۈنكى ماڭا مۇشۇ ئىككى خوتۇننىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇشتىن ئېغىر جازا يوق، — دەپتۇ.

## ئازراق بولسىمۇ ھاۋشىپ قويايلى

پادىشاھ مۇلازىملىرى بىلەن بىر ئورمانلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، نېرىدا توپلىشىپ تۇرغان ئىتلارنىڭ بىرى ھەمراھلىرىنى:

— ئۇ كىشىنى تونۇمسىلەر؟ ئۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى بولىدۇ. بۇ كىشىنى چىشلەش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا ھاۋشىشقىمۇ بولمايدۇ، تىنچ تۇرۇڭلار، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

— چىشلىمىسەكقۇ مەيلى، — دەپتۇ ئارىدىن بىر ئىت، — بىراق ئاز — تولا ھاۋشىپ قويايلى، بولمىسا ئىتلىقىمىز يوقالمىسۇن.

شۇنداق قىلىپ ئىتلار بىرلىكتە كېلىپ ئاز - تولا ھاۋشىپتۇ.

## هازىر بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ

ئوقۇتقۇچى جۇغراپىيە دەرسىدە بىر ئوقۇغۇچىنى خەرىتە ئالدىغا چىقىرىپ سورىدى :

— بېيجىڭ شەھىرىگە قايسى - قايسى شەھەرلەردىن ئۆتۈپ بارىدۇ ؟

— مۇئەللىم ، بۇ سوئالىڭىز هازىر كونىراپ قالدى ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى ئوقۇغۇچى ، — بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئات ياكى هارۋىلاردا ھەممە يەردىن ئۆتۈپ باراتتى ، هازىر دېگەن ئايروپىلان بىلەن ئۇدۇللا بارىدۇ ئەمەسمۇ ؟

## ئۇزۇن هاسا

بىر بوۋاي ئۆزىگە خېلىلا ئېگىزلىك قىلىدىغان هاسىنى تايىنىپ كېتىۋاتسا ، ئىچى پۇشقان قوشنىلىرىدىن بىرى هاسىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ ، باش تەرىپىدىن ئىككى غېرىچ كېسىپ تاشلاپ تۇپتۇزلا ياغاچ قىلىپ ، بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ .

ئاچچىقى كەلگەن بوۋاي :

— ساراڭمۇسىز ، هاسىنى چىرايلىق نەقىشلەنگەن ئەگرى بېشىنى كېسىۋېتىپ كېرەكتىن چىقاردىڭىزغۇ ، — دەپتىكەن ، قوشنىسى بوۋايدىن بەتتەر گۇركىرەپتۇ :

— ئۆزىڭىز ياخشىلىقنى ئۇقمايدىغان ساراڭكەنسىز ، هاسىنىڭ ئۇزۇن تەرىپى شۇ باش تەرىپىدە تۇرسا ، ئايىغىدىن كېسەتتىڭىزمۇ ، ئەمىسە ؟

## مۇكاپاتنىڭ سىرى

خىزمەتنىڭ هۆددىسىدىن چىقالماي يۈرىدىغان بىر خىزمەتچى

بايرام كونى مەيدىسگە قوشلاپ مىداللارنى ئېسىپ ، كىرىلىپ بازارغا چىقىپتۇ ، بۇنى كۆرگەن ئىشداشلىرى هاڭ ـ تاڭ بولۇپ :
— بىز ئۆلەر ـ تىرىلىشىمىزگە باقماي ئىشلەپ «رەھمەت» كىمۇ ئېرىشەلمەيمىز ، سەن قايسى خىزمەتلەرنى قاتۇرۇۋەتكىنىڭ ئۈچۈن بۇنچە مىدال ئالدىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن .
— خىزمەتلەرنىڭ هۆددىسىدىن چىققان ـ چىقمىغانلىقىم سىلەرگە ئايدىڭ ، — دەپتۇ هېلىقى خىزمەتكار ، — بۇ مىداللارنى باشلىقنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىققانلىقىم ئۈچۈن ئالدىم .

## هېلىمۇ يېرىلىپ كەتمەپتۇ

بىر يازغۇچى ئايالىغا :
— بۈگۈن بېشىمنىڭ خىزمىتى بەكمۇ جىق بولدى ، — دەپ هال ئېيتىپتۇ .
— بىرەر گېزىت ياكى ژۇرنال ئۈچۈن ماقالە يازغانسىز تايىنلىق ، — دەپتۇ خوتۇنى .
— ياق ، — دەپتۇ يازغۇچى ، — بازارغا چىقىپ ، ۋەقەلىك ئىزدىدىم . بىرەر سائەت ئىچىدە بىرەر يۈزچە ۋەقەنى كۆردۈم ۋە ئاڭلىدىم . شۇنىڭ قايسىسىنى يېزىپ ، قايسىسىنى قويۇشۇمنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدىم .
ئايالى چۆچۈپ :
— يائاللا ، بىرەر سائەتتە شۇنچە ۋەقەنى كۆرۈپ ـ ئاڭلاپ ، هېلىمۇ بېشىڭىز يېرىلىپلا كەتمەپتۇ ، — دەپتۇ .

## ئەخمەقلىقىمنى داداڭغا ئېيتىپ قوي

بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئانچە خۇشى يوق ئاغىنىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ قېلىپ ئوغلىغا :
— ئۇ كەلسە دادام ئۆيدە يوق ، خېلى بولدى سىرتقا چىقىپ

كەتكەنتى دەپ يولغا سال ، — دەپ قويۇپ ئۆزى مۆكۈۋاپتۇ .
ئوغلى كەلگۈچىگە دادىسى ئۆگەتكەندەك گەپ قىپتۇ ، كەلگەن كىشى ئۇنىڭغا :
— مەن تېخى دادائىنىڭ بېشىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ ، ئۆزىمۇ ئۆيدە بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپتىمەن . دادائىنىڭ بېشىنى ئۇنتۇپ قېلىپ تالاغا چىقىپ كېتىدىغانلىقى ئەسلا خىيالىمغا كەلمەپتۇ ، داداڭ كەلسە ، مېنىڭ شۇ ئەخمەقلىقىمنى ئېيتىپ قوي ، ئوغلۇم ، — دەپ قايتىپ كېتىپتۇ .

## ئىككى پوقاق

بىر مەھەللىدە ئىككى پوقاق كىشى بار ئىكەن ، ئۇلارنىڭ بىرى كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەپەردىن كېلىۋېتىپ ، ئاخشىمى بىر گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ . بۇ ئەسلىي جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ ئۇۋىسى ئىكەن ، يېرىم كېچىدە جىن ـ شاياتۇنلار ئۇۋىسىغا قايتىپ كېلىپ قارىسا بويىندا تۇلۇمدەك پوقىقى بار بىر ئىنسان ياتقۇدەك . جىنلارنىڭ باشلىقى خىزمەتكارلىرىغا :
— كېلىڭلار ، بۇ ئىنسانغا بىر ياخشىلىق قىلىپ قويايلى ، — دەپ جىنلارنىڭ بىرىگە ھېلىقى كىشىنىڭ پوقىقىنى يۇلۇۋېتىشنى بۇيرۇپتىكەن ، ئۇ جىن ئۇنىڭ پوقىقىنى يۇلۇۋېلىپ تامغا چاپلاپ قويۇپتۇ . شۇ چاغدا ئۇ كىشى چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسا پوقىقى يوق تۇرغۇدەك . ئۇ خۇشال بولۇپ ، دەرھال ئۆيىگە قايتىپتۇ ۋە بولغان ئىشنى يەنە بىر پوقاققا سۆزلەپ بېرىپتۇ . ھېلىقى پوقاقمۇ بايىقى گۈمبەزگە بېرىپ ، يالغاندىن ئۇخلىۋالغان بولۇپ يېتىپتۇ ، بىرھازادىن كېيىن جىنلار كېلىپ قارىسا يەنە بىر پوقاق ياتقۇدەك . جىنلارنىڭ باشلىقى بۇنى كۆرۈپ ئەرۋايى ئۆرلەپتۇ ـ دە ، خىزمەتكارلىرىغا :
— ئىنسانلاردا بۇنداق پوقاقلار جىق ئوخشايدۇ ، بىزنى تولا ئاۋارە قىلىۋەرمىسۇن ، تۇنۇگۈنكىنىمۇ بۇنىڭغا بېرىۋېتىڭلار ، —

دەپتۇ . خىزمەتكارلىرى ھېلىقى پوقاقنى تامدىن ئېلىپ ، يالغاندىن ئۇخلاپ ياتقان پوقاقنىڭ بوينىغا چاپلاپ قويۇپتۇ . شۇنداق قىلىپ يالغانچى پوقاق بىكاردىن ـ بىكار قوش پوقاقلىق بولۇپ قايتىپتۇ .

## ئەڭ ياخشى نەرسە

بىر پەيلاسوپ ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرىنى يىغىپ :

— دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە نېمە ؟ — دەپ سوراپتۇ .

شاگىرتلارنىڭ ھەربىرى ھەر خىل جاۋاب بېرىپتۇ . بەزىسى : «ئەقىل» دېسە ، بەزىسى : «ياخشى قوشنا» دەپتۇ ، يەنە بىرى : «ئالدىن كۆرەرلىك» دەپتۇ ، پەيلاسوپ ھەممىسىگىلا بېشىنى چايقاۋېرىپتۇ . ئەڭ ئاخىرىدا بىر شاگىرت :

— ئەڭ ياخشى نەرسە ياخشى قەلبتۇر ، — دەپتۇ .

— ناھايىتى توغرا ، — دەپتۇ پەيلاسوپ شۇ چاغدا ، — شۇلا بولسا ، قالغان نەرسىنىڭ ھەممىسى بولىدۇ .

## بۇنىڭمۇ جىقراقىنى بېرەي

بىر كىشى بالىسىغا نەسىھەت قىلىپتۇ :

— بالام ، سەن چوڭ بولغاندىكىن ئۇكاڭ ئىككىڭلارغا بىرەر نەرسە ئېلىپ بەرسەم ، جىقراقىنى ئۇكاڭغا بەرگىن جۇمۇ .

— بولىدۇ دادا ، — دەپتۇ بالىسى ، — مۇشۇ نەسىھىتىڭىزنىڭمۇ جىقراقىنى ئۇكامغا بېرەي .

## ھاكىم بىلەن باغۋەن

شەھەر ھاكىمى سەھرادا ئايلىنىپ يۈرۈپ ، نەشپۈت كۆچىتى تىكىۋاتقان بىر باغۋەننىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ ـ دە :

— نەشپۈت دېگەن قىرىق يىلدا ئاران مېۋە بېرىدۇ، دېيىشىدۇ، يېشىڭىز بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، بۇ نەشپۈتلەردىن يېيەلەرسىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. باغۋەن:

— مەندىن ئاۋۋالقىلار مەن ھازىر يەۋاتقان نەشپۈتنى تىكىپتىكەن، مېنىڭ تىككىنىمنىمۇ كېيىنكىلەر يەر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ جاۋابتىن بەكمۇ خۇش بولغان ھاكىم باغۋەنگە بىر نەچچە تىللا ھەدىيە قىپتۇ. باغۋەن تىللالارنى ئېلىپ «رەھمەت» ئېيتىپتۇ.

— نېمىگە رەھمەت دەۋاتىسىز بوۋاي، — دەپ سوراپتۇ ھاكىم بوۋايدىن يەنە گەپ ئاڭلاش مەقسىتىدە.

— باشقىلارنىڭ تىككەن نەشپۈتى قىرىق يىلدىن كېيىن مېۋە بەرسە، مېنىڭ نەشپۈتلىرىم تىككەن كۈنىلا مېۋە بەردى، شۇنىڭغا رەھمەت دەۋاتىمەن، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ باغۋەن. ئۇنىڭ گەپىدانلىقىغا قايىل بولغان ھاكىم يەنە بىر نەچچە تىللا بەرگەنىكەن، باغۋەن يەنە: «رەھمەت» دەپتۇ.

— بۇداقى رەھمىتىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ ھاكىم، بوۋاي چۈشەندۈرۈپتۇ:

— باشقىلار تىككەن مېۋىسىنىڭ ھوسۇلىنى يىلدا بىر قېتىم ئالسا، مەن بىر كۈندىلا ئىككى قېتىم ئالدىم، شۇنىڭغا رەھمەت دەۋاتىمەن.

— بارىكاللا بوۋا، ھەرقانداق سۆزگە جاۋاب تاپالايدىغان چېچەنكەنسىز، — دەپتۇ ھاكىم كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن يولىغا راۋان بوپتۇ.

## راھەت ئۆيقۇ

ئۆيقۇسى قاچىدىغان بىر ئادەم تېۋىپتىن:

— راھەت ئۇخلاش ئۈچۈن قانداق ياتسا بولىدۇ؟ — دەپ مەسلىھەت سورىغانىكەن، تېۋىپ:

— قايسى يېتىشىڭىزدا راھەترەك ئۇخلىسىڭىز ، شۇ يېتىشتا ئۇخلاڭ ، — دەپتۇ .

— مەن ھەر خىل يېتىپ باقتىم ، ئەمما ھېچبىر راھەت ئۇخلىيالمىدىمغۇ ؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم يەنە تەرسالىق بىلەن .

تېۋىپ دەپتۇ :

— ئۇنداق بولسا ، گۆرگە كىرگۈچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ ، تازا راھەت ئۇيقۇنى شۇ يەردە ئۇخلايسىز .

## بالدۇرراق بىلگەن بولسامچۇ

بىر كىشى ئازازۇل خوتۇنىدىن زېرىكىپ يۈرگىنىدە ، ئايالى تۇيۇقسىز گەپ ئارىسىدا ئۆيىدىكى خىزمەتچى ئايالنى ماختاپ قاپتۇ :

— بىزنىڭ بۇ خىزمەتچىمىز قالتىس بەلەن ئايال ـ دە ، تاماقتا ئۇستا ، ئارتۇق گېپى يوق ، ئۇنى ـ بۇنى دەپ ئادەمنىڭ بېشىنىمۇ قايمۇقتۇرمايدۇ…

گەپنىڭ ئېپى كەلگىنىنى بايقىغان ئەر دەرھال ئايالىنىڭ گېپىنى بۆلۈپتۇ :

— ئىسىت ، شۇ خوتۇننىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى سېنى ئالماستىن بۇرۇن بىلگەن بولسامچۇ !

## ئەمدى سورىغىنىنىلا بېرىڭ

بىر كەمبەغەل ئادەم قىيىنچىلىقىدىن ھال ئېيتىپ پادىشاھ ھاتەمنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئەللىك تەڭگە سورىغانىكەن ، ھاتەم ئۇنىڭغا يۈز تەڭگە بېرىپ يولغا ساپتۇ . ھېلىقى ئادەم ئوردىدىن قايتىشىدا خۇشاللىقىدىن ئوردا پەلەمپەيلىرىنىڭ ئۈچىنى بىراقلا ئاتلاپ چۈشكەنىكەن ، پۇتلىشىپ يىقىلىپ پۇتى قايرىپ كېتىپتۇ . بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان ھاتەم ھېلىقى ھاجەتمەننى يوقلاپ بېرىپتۇ .

— تەقسىر ، بۇنىڭدىن كېيىن ھاجەتمەنگە سورىغىنىنىلا بېرىڭ ، بولمىسا باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ قالىدىغان

ئوخشايسىز ، — دەپتۇ ھېلىقى ھاجەتمەن ھاتەمگە .

## ئوغلىنىڭ جاۋابى

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ يامان يولغا كىرىپ كەتكەن ئوغلىغا كايىدى :

— قولىدىن دۇنيادىكى ھەممە ئەسكىلىك كېلىدىغانلارنىڭ تەلىمىنى ئېلىپ قويۇپ بۇ شۆھرەتنى تاپتىڭ ، ئەمدى شەيتاندىن تەلىم ئالساڭ ، كامالەتكە يېتەتتىڭ !

— توغرا ئېيتتىڭىز ، دادا ، — دېدى ئوغلى ، سىزدىن ھەم سىز كۆرسەتكەن ئادەملەردىن تەلىم ئېلىپ بولغان كۇنۇم مۇشۇ . ئەمدى سىز ھازىر دېگەن شەيتاندىنلا تەلىم ئالسام ، تېخىمۇ خوش بولىدىغانلىقىڭىزغا كۆزۈپ يېتىپ تۇرىدۇ .

## سەۋەبىنى ئاۋۇ ئاپتور بىلىدۇ

بىر سورۇندا مەلۇم شائىر ئۆزىنىڭ يېڭى داستانىنى ئوقۇغانىكەن ، سورۇن ئەھلى ھېچ ياراتماي ، ھەممىسى تەڭلا ۋارقىراشقا ، ئىسقىرتىشقا ، يەر تېپىشكە باشلاپتۇ . ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ، كوچىدىن يۈگۈرۈپ كىرىشكەن كىشىلەردىن بىرى ، سورۇندىكىلەرنىڭ بىرىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن ، ئۇ كىشى تۇردە ئولتۇرغان شائىرنى كۆرسىتىپ :

— بۇ جېدەلنىڭ سەۋەبىنى ئەنە ئاشۇ كېرىلىپ ئولتۇرغان ئاپتور بىلىدۇ ، — دەپتۇ .

## قىلىچقا ئېسىلىپ قاپتۇ

پاكار بويلۇق بىر ئادەمنىڭ تولىمۇ ئۇزۇن قىلىچنى ئېسىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن بىر شېتىلە يىگىت يېنىدىكىلەرگە دەپتۇ :

— قاراڭلار ، ئاۋۇ ئادەمنى ، قىلىچقا ئېسىلىپ قاپتۇ .

## دۇنيادا مەڭگۈ تۇرماقچىمىدىڭ

خەلق نەپرىتىگە دۇچار بولغان بىر ئادەم كېسەل تۆشىكىدە يېتىپ قاپتۇ ـ دە ، خۇدادىن تىلەك تىلەپتۇ :
— ئەي خۇدا ، ئۆز مەقسەتلىرىمنى ئەڭ ئاخىرىغا يەتكۈزگۈچە ئۆمۈر بەرسەڭ .
بۇ تىلەكنى ئاڭلاپ قالغان باشقا بىر ئادەم ئۇ كىشىگە :
— دۇنيادىن كېتىدىغان قەرەلىڭ ئاللىقاچان توشقانىدى ، قويۇپ بەرسە ، ئەلنىڭ قېنىنى شوراپ بۇ دۇنيادا مەڭگۈ تۇرماقچىمىدىڭ ؟ — دەپتۇ .

## ئەمدى ئىككىنچى ئاڭلىمايسىز

دىن ئەھلىلىرىدىن بىرىنى پادىشاھ مەمۇرىي مەنسەپكە تەيىنلەپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان ئاغىنىلىرى ئۇنى مۇبارەكلەپ ئۆيىگە كەپتۇ . سۆھبەت ئۇستىدە كەلگۈچىلەرنىڭ بىرى يېڭى مەنسەپدارغا شۇنداق دەپتۇ :
— ئەمدى چوڭ خىزمەت ئىگىسى بولدىڭىز ، كاتتا ئادەملەرنىڭ ئەتراپىدا توغرا سۆزلىگۈچىلەر ئەمەس ، بەلكى خۇشامەتگۈيلارنىڭ بولمىقى ئادەت . بۇگۈن سىزنىڭ ھەق گەپ ئاڭلايدىغان ئاخىرقى كۈنىڭىز . كاتتا مەنسەپ ئىگىسى بولدىڭىز . سىز ناھايىتى جاھىل ۋە ناچار ئادەم ئىدىڭىز ، ئاڭلاڭ ، بۇ ھەق سۆز ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۆزنى ھېچقاچان ئاڭلىمايسىز .

## سىزنىڭ ئەمرىڭىزنى يازدىم

پادىشاھ بىر كۈنى ئوردا تارىخچىسىغا :
— يېزىۋاتقان ئەسىرىڭگە مەن ھەققىمدە ھېچ نەرسە يازما ، — دەپ ئەمىر قىلدى . تارىخچى شۇ ھامانلا قەلىمىنى ئېلىپ يېزىشقا باشلىدى . پادىشاھ ئەجەبلەندى .

— نېمە يېزىۋاتىسەن ؟
تارىخچى دېدى :
— پادىشاھى ئالەم ، سىزنىڭ ھازىرقى ئەمرىڭىزنى يېزىۋاتىمەن .

## ئىنساپىڭىزنىمۇ تارتىپ باقسىڭىز…

گۆشنى دائىم كەم تارتىدىغان بىر قاساپ ، گۆشۈك كەمكەن دەپ ئەرز قىلغان بىر ئادەمگە :
— بىلەمسىز ، مېنىڭ بۇ تارازامدەك لىللا تارازا بۇ شەھەردە يوق ، — دەپ پوپوزا قىپتۇ .
— بەك ياخشى ، — دەپتۇ گۆش ئالغۇچى ، — ئەمىسە مۇشۇ لىللا تارازىڭىزدا ئىنساپىڭىزنى بىر تارتىپ باقسىڭىز ئىكەن !

## ئانىسىنىمۇ يەپ كەتتى

بىر بوۋاي نەۋرىسىنى ئېلىپ ، ئېشكىنى تەخىيى بىلەن يېتىلەپ جاڭگالغا بېرىپتۇ ـ دە ، نەۋرىسىگە :
— سەن بۇ يەردىن مىدىرلىماي ئېشەك بىلەن تەخەيگە قارا ، ئۇلارنى بۆرە يەپ كەتمىسۇن ، — دەپ تاپىلاپتۇ ـ دە ، ئۆزى جاڭگال ئىچكىرىسىگە ئوتۇن كەسكىلى كىرىپ كېتىپتۇ . نەۋرىسى بىردەم تۇرۇپ بېقىپ ، ئويناپ نېرىغا كېتىپ قاپتۇ . بىر چاغدا ئۇ قايتىپ كېلىپ قارىسا ئېشەكنىمۇ ، تەخەينىمۇ بۆرە يەپ كېتىپتۇ . بالا يىغلىغان پېتى بوۋىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ . بوۋاي نەۋرىسىگە قاراپ :
— ھوي نېمە بولدۇڭ ، نېمىگە يىغلايسەن ؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سوراپتىكەن ، بالا :
— تەخەينى بۆرە يەپ كەتتى ، — دەپتۇ .
— نېمە دەۋاتىسەنۋي ، ئاڭزىڭنى يوغانراق ئېچىپ گەپ

قىلغىنا ، — دەپ بوۋاي چىچىلىپتىكەن ، نەۋرىسى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ :

— ئانىسىنىمۇ يەپ كەتتى ، — دەپتۇ .

## تۈزلۈكنىڭ باھاسى

بىر موماينىڭ بېغىدا ئىنتايىن تۈز ئۆسكەن بىر تۈپ دەرىخى بولۇپ ، موماي ئۇنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىكەن . كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ يۇرتنىڭ پادىشاھىدا بىر تال ياغاچ بىلەنلا تۇرىدىغان ئىمارەت سېلىش ھەۋىسى قوزغىلىپ ، بۇنىڭغا لايىق كەلگۈدەك ئۇزۇن ھەم تۈز ياغاچنى ئىزدەپ ، ئاخىر موماينىڭ بېغىدىن تېپىپتۇ ـ دە ، مومايغا رازى بولغۇدەك ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپ ياغاچنى ئاپتۇ .

موماي ياغاچنىڭ ھەققىگە بېرىلگەن شۇنچىۋالا ئالتۇن ـ كۈمۈشكە قاراپ :

— بىر تۈپ تۈز ياغاچنىڭ قىممىتى مۇشۇنچىلىك بولسا ھەقىقىي تۈز ئادەمنىڭ باھاسىغا يېتىپ بولمايدىكەن ـ دە ، — دەپتۇ .

## بوياقچىنىڭ كۈپىدىن قاچقان تۈلكە

بىر تۈلكە بۆركۈتتىن قېچىپ ، ھودۇققىنىدىن شەھەرگە كىرىپ ، بىر بوياقچىنىڭ كۈپىگە چۈشۈپ قاپتۇ . كېيىن بوياقچىنىڭ قوغلىشى بىلەن كۈپتىن ئىرغىپ چىقىپ يەنە شەھەر چېتىگە چىقىپ ، باشقا بىر جاڭگاللىققا بېرىپ قاپتۇ . جاڭگالدىكى ھايۋانلار قارىسا مويى رەڭگارەڭ بىر زات كېلىپ قالغانمىش ، ھەممىسى ئۇنى ھۆرمەتلەپ پادىشاھلىققا تەكلىپ قىپتۇ . تۈلكە تەييار دۆلەتتە راھەتلىنىپ يۈرۈۋېرىپتۇ .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاتتىق يامغۇر يېغىپ ، تۈلكىنىڭ مويىدىكى

بوياقلارنى يۇيۇپ تاشلاپ ، ئەسلى قىياپىتىگە ئەكېلىپ قويۇپتۇ . يامغۇردىن كېيىن جاڭگالدىكى هايۋانلار قارىسا ئۆزلىرىنىڭ پادىشاهى ئەسلىدە ئالدامچى تۈلكە ئىكەن ، شۇنىڭ بىلەن جاڭگال ئەهلى ئۇنى ئۆز ئارىسىدىن قوغلىۋېتىپتۇ .

## ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار

پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بولۇپ ، ئۇ بۇنى بەكمۇ يوشۇرىدىكەن ، پەقەت ساتىراشلا ئۇنىڭ بۇ سىرىدىن خەۋەردار ئىكەن ، بىراق پادىشاھ ئۇنىڭغا ئالدىنئالا ئۆلۈمدىن بېشارەت بېرىپ قويغاچقا ، هېچكىمگە تىنالمايدىكەن . ساتىراش بۇ سىرنى بىر كىمگە ئېيتاي دېسە ،جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ ، ئېيتماي دېسە ئىچىگە پاتماستىن ، ئورۇقلاپ قۇرۇق ئۇستىخانلا بولۇپ قاپتۇ . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ داڭلىق بىر تېۋىپقا كۆرۈنۈپتىكەن ، تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ ، ئىچىڭىزدە بىر دەرد ـ قايغۇ بار ئىكەن ، ئەمما خەققە دېيەلمەيدىكەنسىز ، شۇ سىرنى خۇپىيانە بولسىمۇ بىر يەردە ئېيتىۋەتسىڭىز ياخشى بولۇپ كېتىسىز ، دەپتۇ . ساتىراش ئۇيان ئويلا ـ بۇيان ئويلا ، ئاخىر يىراق بىر تاغقا چىقىپتۇ ـ دە ، قېلىن ئوت ـ چۆپلەر ئوراپ تۇرغان بىر بۇلاق بويىغا كېلىپ ، بۇلاققا بېشىنى تىقىپ تۇرۇپ ئۈچ قېتىم :

— ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار ! — دەپ ۋارقىراپتۇ ـ دە ، بېشىنى بۇلاقتىن تارتىۋاپتۇ . دېگەندەك ئۇ شۇ هامانلا يېنىكلىشىپ بىرنەچچە كۈنگە قالمايلا ئوڭشىلىپ قاپتۇ . هېلىقى بۇلاقتىن كۆپ ئۆتمەيلا تۈپتۈز بىر تال قومۇش ئۈنۈپ چىقىپتۇ ، بىر پادىچى بالا قوي بېقىپ يۈرۈپ ، سۇ ئىچكىلى هېلىقى بۇلاققا كېلىپ قارىسا ، بەكمۇ چىرايلىق قومۇش ئۈنۈپ قاپتۇدەك ، پادىچى بالا قومۇشنى كېسىپ نەي ياساپ ، چېلىپ كۆرسە ، نەيدىن :

— ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار ! — دېگەن سادالا چىقىۋېرىپتۇ . پادىچى بالىمۇ چېلىۋېرىپتۇ . بىر كۈنى ئىسكەندەر

پادىشاھ شىكارغا چىقىپ دالادا كېتىۋېتىپ پادىچى بالىنىڭ چېلىۋاتقان نېيىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە ، ھەم ئەجەبلىنىپ ، ھەم غەزەپلىنىپ بالىنى ئەكەلدۈرۈپ ، ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنىڭ تەكتىنى قىستاپ سوراپتۇ . بالىمۇ ئەھۋالنىڭ راستىنى ئېيتىپ ، پادىشاھنى بۇلاق بويىغا باشلاپ كەپتۇ .

شۇ چاغدا ئىسكەندەر پادىشاھ ۋەزىر ـ مۇلازىملىرىغا قاراپ :

— جاھاندا ھېچقانداق سىرنى ساقلىغىلى بولمايدىكەن ، كۆردۈڭلارمۇ ، ھەتتا سۇمۇ سىرنى ساقلىيالماپتۇ . ئىنسان ئۆز سىرىنى قانداقلا بولمىسۇن باشقىلارغا ئېيتىپ ، ئۇلار بىلەن ئورتاقلاشمىسا ، ئۆزىگىمۇ تەس ، باشقىلارغىمۇ ئازابتۇر ، — دەپتۇ ۋە ئۆز مەخپىيىتىنى ئۇلارغا ئاشكارا قىپتۇ .

## ئۆرۈك پىششىقى

بىر ئادەم ئۆرۈك پىشىشقىدا چوڭ بىر باغقا بېرىپ راسا تويغۇچە ئۆرۈك يەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ ، يولدا كېلىۋېتىپ ئۇنىڭ قورسىقى كۆپۈپ «كورتلا» قىلىپ يەل قويۇپ بېرىپتۇ ـ دە ، خۇدۇكسىنىپ ئۆزىچە :

— ئۆرۈك پىششىقى ، — دەپ قويۇپتۇ . يەنە بىرئاز مېڭىپ بايىقى ئىشنى تەكرارلاپتۇ ۋە يەنە خۇدۇكسىنىپ :

— ئۆرۈك پىششىقى ، — دەپ قويۇپ ، ئىتتىك ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىسا ، تونۇش بىرى كېلىۋاتقۇدەك ، ئۇ چاندۇرماستىن :

— قاچان كەلدىڭىز ؟ — دەپ سوراپتىكەن ، ئارقىسىدا كېلىۋاتقان كىشىمۇ چاندۇرمايلا .

— بىرىنچى ئۆرۈك پىششىقىدىلا ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

## تېپىلغان نەرسىنىڭ لەززىتى

تۆگىسىنى يېتىلەپ قويغان بىر كارۋان بازاردا مۇنداق

جاكارلاپتۇ :
— تۆگەمنى تېپىپ بەرگەن ئادەمگە ئىككى تۆگە سۆيۈنچە بېرىمەن .
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ ئاڭلىغانلاردىن بىرى ، — يوقالغان بىر تۆگىنى تېپىپ بەرگەنگە نېمىشقا ئىككى تۆگە سۆيۈنچە بېرىسىز ؟
كارۋان ئېيتىپتۇ :
— يوقالغان نەرسە تېپىلغان ۋاقىتتىكى لەززەتنى سىلەر بىلمەيسىلەر - دە ، بۇ لەززەتنى تېتىش ئۈچۈن ، ھېلىغۇ ئىككى تۆگە ئىكەن ، پۈتۈن بىساتىم كەتسىمۇ مەيلى !

## ئىبلىسنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى

بىر كىشى ئۆزى تولىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان مەھەللە ئىمامىدىن سوراپتۇ :
— تەقسىر ، ئىبلىسنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى نېمە ؟
— بەللى بۇرادەر ، ئۇ چاغدا مەن بولمىسام ، ئۇلارنىڭ نىكاھىنى مەن قىلمىسام ، ئىبلىسنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمىنى مېنىڭدىن سورىغىنىڭىز قىزىققۇ ! — دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ ئىمام ئاخۇنۇم .

## گۇناھىدىنمۇ قەبىھ ئۆزرە

پادىشاھ خانىش بىلەن باغقا كۆڭۈل ئاچقىلى كىرىپ كېتىۋېتىپ ، ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتقان قىزىقچىسىغا بۇيرۇپتۇ :
— ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىر ئەدەپسىزلىك قىل ، بۇنىڭ ئۈچۈن سورىغان ئۆزرەڭ گۇناھىڭدىنمۇ قەبىھرەك بولسۇن .
قىزىقچى ھېچ ئويلانمايلا بېرىپ ، پادىشاھنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان خانىشنىڭ بىقىنىنى قاتتىق چىمدىۋاپتۇ .

خانشنىڭ ۋاي ـ ۋىيىۋغا چىدىمىغان پادشاھ ئۆكۈپ قىزىقچىغا ئالايغانىكەن ، قىزىقچى دەررۇ ئۆزرە ئېيتىپتۇ :

— خاپ بولمىسىلا خانىش ، ئۆكمىسىلە پادىشاھىم ، مەن خانىشنى تېخى پادىشاھىم چىغى ، دەپ چىمداپتىمەن .

## مومايلارمۇ سىلىۋېتىپتۇ

بىر تويغا كەلگەن ئاياللار بەكمۇ قىلىن كىيىنىۋېلىشقانلىقى ئۈچۈن ، ئۆيگە پاتماي قىسىلىشىپ ، قالايمىقان بولۇپ كېتىپتۇ . توي ئىگىلىرىدىن بىرى :

— مېھمانلار ، قېلىن كىيىملىرىڭلارنى سېلىۋېتىپ ئولتۇرساڭلار ئىكەن ، — دەپ باقسىمۇ ، ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماپتۇ . ھېلىقى توي ئىگىسى ئىككىنچى قېتىم :

— ياش مېھمانلار قېلىن كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئولتۇرسا ، — دېگەنىكەن ، بۇنى ئاڭلاپ مومايلارمۇ قېلىن كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپتۇ .

## پالتا ۋە موزاي

ئىككى ئادەم دەۋالىشىپ قازىنىڭ ئالدىغا كېلىشىپتۇ . قازى ئۇلارغا قۇرۇق سۆزلەرنى قىلىپ ، ئەتە كېلىشنى بۇيرۇپتۇ . ئاخشىمى دەۋاگەرلەردىن بىرى ئۆيىدە ئىشلىتىپ يۈرگەن پالتىسىنى قازىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ . ئەتىسى قازى سوراقتا پالتا ئەكېلىپ بەرگەن كىشىگە يان بېسىپراق سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ ، ئىككىنچى دەۋاگەر ئەھۋالنى بايقاپتۇ ـ دە ، شۇ ئاخشىمى بېقمۇۋاتقان موزىيىنى قازىنىڭ ھويلىسىغا ئاپىرىپ باغلاپ قويۇپ يېنىپ كەپتۇ .

ئەتىسى سوراقتا قازى ئىككىنچى دەۋاگەرگە يان باسقىلى تۇرۇپتۇ . بۇنىڭدىن تېرىككەن بىرىنچى دەۋاگەر قازىغا ئۆزىنىڭ بەرگەن پارىسىنى ئەسلىتىپ :

— تەقسىر ، بۇ دەۋانى پالتىدا كەسكەندەك چورتلا كەسسىلە ! — دەپتىكەن ، قازى جاۋاب قايتۇرۇپتۇ :
— ئەسلىدە شۇنداق قىلاتتىم ، بىراق پالتىنىڭ سىپىغا موزاي تېزەكلەپ قويدى ئەمەسمۇ !

## بىر قەلەندەر ئىككى بولدۇق

مەھەللە سازەندىلىرىنىڭ بىرىدىن تونۇش بىرى سوراپتۇ :
— ئاغىنە ، ئوغلىڭىزمۇ دۇتارنى خېلىلا ئوبدان چالىدىغان بوپقاپتۇ - ھە ؟
— شۇنداق بولدى ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سازەندە ، — شۇ كەمگىچە قەلەندەر بىر ئىدۇق ، ئەمدى ئىككى بولدۇق .

## مەن سىلىنىڭ كەينىلىرىمىدىم

بىر باي ئۆزىگە قاراشلىق دۇكانلاردىن بىرىدە ئولتۇرسا پېشىنگە ئەزان چىقىپ قاپتۇ .باي مال ساتقۇچىغا دۇكاننى ئەتتۈرۈپتۇ - دە ، ئىككىسى مەسچىتكە مېڭىپتۇ . يېرىم يولغا يەتكەندە باي بىردىنلا توختاپ يېنىدا كېلىۋاتقان مال ساتقۇچىدىن سوراپتۇ :
— ھوي ، مېنىڭ تەرىتىم بارمىدى - يوقمىدى ؟
— تەقسىر ، — دەپتۇ مال ساتقۇچى ، — مەن سىلىنىڭ كەينىلىرى بولمىسام ، تەرەتلىرى بار - يوقلۇقىنى نەدىن بىلەي ؟

## نېمە دەپ سوقۇشىمەن

پادىشاھ پۇقرالار ئارىسىدىن پالۋان بىر كىشىنى چاقىرىپ :
— پالانى پادىشاھلىق بىزگە چېقىلماقچى ، ئۇلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ، شۇلارغا قارشى جەڭگە ئەسكەر باشلاپ بارسەن ،

تەييارلىق قىل ، — دەپ بۇيرۇپتىكەن ، پالۋان پادىشاھقا جاۋاب قايتۇرۇپ :
— پادىشاھئالەم ، ئۇلارنى مەن بىلمىسەم ، ئۇلارمۇ مېنى بىلمىسە ، مەن قانداقلارچە ئۇلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالدىم؟ سەۋەبىنى بىلمىگەن ئۇرۇشقا بارالمايمەن ، — دەپتۇ ـ دە ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ ئۆز ئۆيىگە كېتىپتۇ .

## ئېشەككە ئەقىل كىرگۈچە...

پادىشاھ كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر جۇۋازخانىغا كىرىپ قاپتۇ . قارىسا جۇۋازچى جۇۋازغا قېتىلغان ئېشەكنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇپتۇ .
— نېمىشقا ئېشەكنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىپ بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويدۇڭ؟ — دەپ قىزىقىپ سوراپتۇ پادىشاھ .
بەزىدە مەن ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتىمدا ، — دەپتۇ جۇۋازچى چۈشەندۈرۈپ ، — ئېشەك جۇۋاز تارتىشتىن ئېرىنىپ توختىۋالسا ، قوڭغۇراق ئاۋازىمۇ توختاپ قالىدۇ ـ دە ، مەن ئويغىنىپ ئۇنى ھەيدەيمەن .
پادىشاھ :
— ئەگەر ئېشەك ئورنىدا قىمىرلىماي تۇرۇپ ، بېشىنى قىمىرلىتىۋەرسە سەن خاتىرجەم ئۇخلاۋېرىسەنغۇ؟ — دەپتىكەن ، جۇۋازچى كۈلۈپ كېتىپ :
— ۋاي پادىشاھئالەم ، ئېشىكىم شۇنچىلىك ئەقىل تاپقۇچە مەنمۇ باشقا چارە تاپىمدىمەن ، — دەپتۇ .

## قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ كۈتۈپ تۇرۇڭ

بىر باي باشقا يۇرتتىن كېلىدىغان ماللىرىنىڭ كېچىككىنىگە تىت ـ تىت بولۇپ بازاردا تۇرسا ، تەمەخور بىر ئىمام باينىڭ

كۆڭلىنى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ :
— تەقسىر ، خۇش خەۋەر ، ئاخشام چۈشۈمدە بىر كارامەت كۆردۈم ، قارىغاندا كارۋانلىرىڭىز ئامان ـ ئېسەن يېتىپ كېلىدۇ . قېنى ئەمىسە خۇش خەۋەرنىڭ سۆيۈنچىسىنى بېرىڭ ، — دەپتۇ .
باي ئىمامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ شۇنداق دەپتۇ :
— خۇش خەۋىرىڭىزنىڭ سۆيۈنچىسى ئۈچۈن ئىنئامىم شۇكى ، بىر جۈپ ئالىقىنىڭىزنى يوغان ئېچىپ ، ئېگىز كۆتۈرۈپ بىز ئۈچۈن دۇئادا بولۇڭ . ماللىرىم ساق ـ سالامەت يېتىپ كېلىپ ، ئامبارغا كىرسە ، سىزنىڭ ئالىقىنىڭىزمۇ ئەلۋەتتە يۇمۇلىدۇ ، پەقەت شۇنىڭغىچە قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ تۇرىۋېرىڭ !

## مەن سىزگە ئوخشىمايمەن

مەھكىمە شەرئى قازىلىرىغا ئايلىق توختىتاماقچى بولۇپ ، بىر قازىنىڭ ئايلىقىغا يۈز تەڭگە مائاش توختاتسا ، قازى ئۇنىماپتۇ . بىر كىچىك مەسچىتنىڭ ئىمامى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قازىغا :
— شۇنىڭغا رازى بولمىغىنىڭىزنى قاراڭا ، تەقسىر ، ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغان بولسام ، جان دەپ ئالاتتىم ، — دەپتىكەن ، قازى ئۇنىڭغا :
— مەن سىزگە ئوخشىمايمەن ، مەن كۈنلۈك ھەققىمنى كۈندە چىقىرىۋالىدىغان پوشكالچى ئەمەس ـ دە ! — دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ .

## سىز بىلەن بەش بولىدۇ

چوڭ مەسچىتنىڭ يېڭى تەيىنلەنگەن خاتىپى بىر سورۇندا مەسچىتنىڭ ئۇزۇن يىللىق مەزىنىگە چاقچاق قىپتۇ :
— مەزىن ئاخۇنۇم ، مەزىن بولغاندىن بېرى قانچە خاتىپنى

كوملىدىڭىز ؟
مەزىن ھېچ ھېيىقماي جاۋاب قايتۇرۇپتۇ :
— سىزنى كوملىسام بەشنى .

## تىلسىز شەيتانلىقنى ياخشىراق بىلدىم

بىر پارىخور ئەمەلدارنىڭ ئەيىبىنى سۆككەنلىك ئۈچۈن ئەدىپىنى يېگەن تۆۋەن مەنسەپلىك بىر ئەمەلدار نەگىلا بارسا ئۈنچىقماي جىم يۈرۈپتۇ ، بۇنىڭغا ھەيران بولغان يېقىنلىرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :
— نېمىشقا تىلسىز شەيتاندەك جىم بولۇۋالدىڭ ؟
— تىللىق شەيتانلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆردۈم ، — دەپتۇ ھېلىقى كىچىك ئەمەلدار ، — شۇڭا تىلسىز شەيتان بولۇپ يۈرۈشنى ياخشىراق بىلدىم .

## مېنى شۇلار تونۇيدۇ

بىر ئادەم ئۆيلەنمەكچى بولۇپ ، بىراۋنىڭ قىزىغا ئەلچى قويغانىكەن ، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى :
— بىز ئۇ كىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلمىسەك ، پەيلى ـ خۇيىنى ئۇقمىساق ، ئۇنىڭغا قىزىمىزنى قانداق بېرىمىز ؟ — دەپ ئەلچىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ . ئەلچى كېلىپ بولۇنغان گەپنى يەتكۈزۈپتىكەن ، ھېلىقى ئادەم :
— ئەمىسە بېرىپ دەڭ ، مېنى پالان مەھەللىدىكى پالانچى ، پوكۈن مەھەللىدىكى پوكۈنچىلار بىلىدۇ ، شۇلاردىن سورىسۇن ، — دەپتۇ .
— ئۇلار سىزنى قانداقسىگە بىلىدۇ ؟ — دەپ قىزىقىپتۇ ئەلچى . ئۆيلەنمەكچى بولغان ئادەم ئۇنىڭغا جاۋابەن :
— نېمىشقا بىلمەيدۇ ، مەن ئۇلاردىنمۇ قىز ئالغان تۇرسام ! — دەپتۇ .

## تۈگەپ كەتسە نېمىنى تاپشۇرىمەن

بىر ئادەمنىڭ پۇل تېپىۋېلىپ ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەرمىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ساقچى ئۇ كىشىنى چاقىرىپ سوراپتۇ:

— تېپىۋالغان پۇلنى نېمىشقا شۇ كۈنىلا ساقچىغا تاپشۇرمايسەن؟

— ئۇ كۈنى ئىشىم بەكمۇ ئالدىراش ئىدى، — دەپتۇ پۇل تېپىۋالغان كىشى، — پۇلنى تاپشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدىم.

ئەمىسە تۈنۈگۈن نېمىشقا تاپشۇرمىدىڭ، — دەپ سوراپتۇ ساقچى يەنە.

— بەللى ساقچى ئەپەندى، — دەپتۇ ئۇ كىشى گەپ بەرمەي، — يېنىمدا بىر تىيىن يوق، گاڭگىراپلا تۇراتتىم، ئۇ پۇل ئۈلۈشكۈنلا تۈگەپ كەتسە، يەنە نېمىنى تاپشۇرىمەن؟

## مەن ئۆلدۈم

چىرايىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىنىڭ بىرى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ھايات قالغان بىرى كوچىدا كېتىۋاتسا بىر كىشى ئۇنى توختىتىپ:

— سىلەرنىڭ قايسىڭلار ئۆلگەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ھايات قالغىنى جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن ئۆلمىگەن.

## سىز كۆرسەتكەن ئۇلپەتلىرىم

بىر ياش يىگىت ئوننچى قېتىملىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ قازىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ، قازى ئۇنى تونۇپ،

ئىچىنغان ئاھاڭدا :
— ھەي يىگىت ، مەن ساڭا بىرىنچى كېلىشىڭدىلا ئۇنداق يامان ئۇلپەتلىرىڭ بىلەن ئالاقەڭنى ئۈز ، دېمىگەنمىدىم ، مانا گېپىمنى ئاڭلىماي يەنە كەپسەن .
— تەقسىر قازى ئاخۇنۇم ،— دەپتۇ يىگىت ،— مەن ئۇ يامان ئۇلپەتلىرىمنى سىز دېگەندەك شۇ بىرىنچى قېتىمدىلا تاشلىۋەتكەنىدىم ، كېيىنكى توققۇز قېتىمدا كېلىشىمگە سەۋەب بولغۇچىلار سىز ئارىلاشقىن ، دەپ مەسلىھەت كۆرسەتكەن ھازىرقى ياخشى ئۇلپەتلىرىم .

## شەيتانلار باھاسىنى ئۆرلىتىۋەتكەنىكەن

بىر موللا مەسچىتتە جامائەتكە ۋەز ئېيتىپتۇ :
— تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئادەم ئالدايدىغان يەنە بىر تاڭ بار ، ئۇنىڭغا ئالدانماڭلار . شەيتانلار ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ، ھەر كۈنى تاڭدىن بۇرۇن ھەر يەر - ھەر يەردىن ئوتۇن - ياغاچ توشۇپ كېلىپ ، دۆۋىلەپ ئوت ياقىدۇ - دە ، شۇنىڭ شولىسى تاغدىن ھالقىپ بىزگە تاڭ ئېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ .
شۇ چاغدا جامائەت ئارىسىدىن بىرى موللىنىڭ سۆزىگە لوقما ساپتۇ :
— مۇنداق دەڭا ، بازاردا نېمانداق ئوتۇن - ياغاچ قىممەتلەپ كەتتىكىن دېسەك ، شۇ شەيتانلار باھاسىنى ئۆرلىتىۋەتكەنىكەن - دە !

## بېشىنىڭ ئورنىغا ئورنىتىۋالماقچى ئوخشايدۇ

ئىككى تەرەپ جەڭ قىلىۋاتقاندا ، بىر تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆز قوماندانىغا مۇنداق دەپتۇ :
— دۈشمەن قوماندانى ئۆز ئەسكەرلىرىگە سىزنىڭ بېشىڭىزنى

كېسىپ كەلگەنلەرگە مۇنچە مىليون سوم ئاقچا بېرىمەن دەپ جاكارلاپتۇ . بىزمۇ شۇنداق قىلساق بولمامدۇ ؟

قوماندان ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ :

— ئۇ قوماندانىنىڭ بېشى ئۇنچىۋالا پۇلغا ئەرزىمەيدۇ ، پۇلنى بىھۇدە چاچقان بىلەن بولمايدۇ ، دۈشمەن تەرەپنىڭ قوماندانى ئىشلىمەيدىغان كاللىسىنىڭ ئورنىغا ، ئەقىللىقراق باشقا بىر باشنى ئورنىتىۋالماقچى بولغان ئوخشايدۇ ، — دەپتۇ .

## ئۆزۈم ئات بولۇپ مۇشۇنچىلىك قىلدىم

بىر ئادەم بۇرادىرىنىڭ باللىرىنى ماختاپتۇ :

— باللىرىڭىزنى ياخشى تەربىيىلەپ ، ھەربىرىنى بىردىن ھۈنەرگە كامىل ئېتىپسىز ، خۇداغا شۈكرى ، باللىرىڭىزنى ئادەم قىلىۋاپسىز .

— توغرا ئېيتتىڭىز دوستۇم ، — دەپتۇ باللارنىڭ دادىسى ، — ئۆزۈم ئات بولۇپ ، باللىرىمنى ئادەم قىلىۋالدىم .

## توغرا سۆزگە جىم تۇر

بىر يىگىت گەپچى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆزىگە سۆزمەنلىك ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ .

— مەسىلەن ، قايسى تەرەپتىكى ماھىرلىقىمنى ئۆگىنىشنى خالايسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ گەپچى .

— ھازىر جاۋابلىقىڭىزنى ، — دەپتۇ يىگىت ، — ئېيتايلۇق بىراۋ ماڭا تۇرۇپلا ، ئەي زىناخور ، مۇنداق قىلىپ يۈرگۈچە خوتۇن ئېلىۋال ، — دېسە ، مەن دەررۇ نېمە دېيىشىم كېرەك .

— نېمە دەيتتىڭ ، — دەپتۇ گەپچى ، — توغرا سۆزگە جىم تۇر .

## ئۇخلاۋاتقىنىڭدا بۇلاۋاتىمەن

بىر يېڭى قىمارۋاز كونا قىمارۋازنىڭكىگە كېلىپ قىمار ئويناپ ئولتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا ئۇنىڭغا ھەمسايىسىنىڭ ھەممىسىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ. ۋاقىت بەك كەچ بولۇپ كەتكەچكە، ئۇ كونا قىمارۋازنىڭكىدە قونۇپ قاپتۇ. بىراق ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇللىرىغا ئىچى ئېچىشىپ زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۇ ئالدىقاچان ئۇخلاپ قېتىپ كەتكەن كونا قىمارۋازنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇنى تۇيۇپ قېلىپ ئويغىنىپ كەتكەن كونا قىمارۋاز:

— ھوي نېمە قىلىۋاتىسەن ئۇخلىماي؟ — دەپ سوراپتىكەن، يېڭى قىمارۋاز تەپ تارتماستىن جاۋاب بېرىپتۇ:

— سەن ئويغاق ۋاقتىڭدا قىلغان بۇلاڭچىلىقنى، مەن ئۇخلاۋاتقىنىڭدا قىلاي دەۋاتىمەن.

## مېنىڭ ئىشىم بار ئىدى

بىر يازغۇچىنىڭ شەھەردىكى بىر زالىم توغرىسىدا ئەسەر يېزىشقا تۇتۇنغانلىقىنى ئاڭلىغان پادىشاھ بۇنىڭ راست ـ يالغىنىنى بىلىش ئۈچۈن پۇقراچە ياسىنىپ، بىر ـ ئىككى ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ھېلىقى يازغۇچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

يازغۇچى كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە پادىشاھنىڭمۇ بارلىقىنى دەرھال سېزىپتۇ، ئەمما ئۇقمىغانغا سېلىۋاپتۇ. پادىشاھ بولسا:

— ئەي يازغۇچى، سىزنىڭ پالانى زالىمنى ئەيىبلەپ ئەسەر يازماقچى بولغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، بۇ ساۋابلىق ئىشىڭىز ئۈچۈن سىزنى تەبرىكلىگىلى كەلدۇق، — دەپتۇ.

— ئەسلىدە شۇ زالىم ھەققىدە يازاي دېگەنىدىم، — دەپتۇ يازغۇچى جاۋاب قايتۇرۇپ، — بىراق ھازىر بۇ خىيالىمدىن

يالتىيىپ ، باشقا بىرىنى يېزىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتىمەن .
— كىمنى يازماقچىسىز ؟ — دەپ ئىتتىكلا سوراپتۇ پادىشاھ .
— پادىشاھنى ، — دەپتۇ يازغۇچى ، — ئەسلىدە يېزىشقا تېگىشلىكى ئاشۇ ، ئەگەر ئۇ ھېلىقىدەك زالىملارنىڭ جىنايەتلىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ ، ھە دەپ مەنسىپىنى ئۆستۈرۈۋېتىمگەن بولسا ، ئۇنداقلار ھەرگىز ئەدەپ كەتمەيتتى ، — دەپ پادىشاھنىڭ ئادالەتسىزلىكلىرى ھەققىدە سۆزلەشكە كىرىشىپتۇ . پادىشاھ بىردەم ئاڭلاپ بېقىپ ، چىدىيالماپتۇ - دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ :
— مېنىڭ مۇھىم بىر ئىشىم بار ئىدى ، سىز بۇلارغا سۆزلەۋېرىڭ ، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ .

## بالا ئوقۇتۇش

بىر خەسىس باي باشقا بايلارنىڭ ئوقۇتقۇچى ياللاپ باللىرىنى ئوقۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۆزىمۇ باللىرىغا بىر ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپتۇ - دە ، ئالدى بىلەن ئىش ھەققىنى سۆزلىشىپتۇ .
— دەسلەپكى ئىككى ئاي ئۇچۇن يىگىرمە بەش سومدىن ، كېيىنكى ئايلار ئۇچۇن ئون بەش سومدىن ھەق بېرىسىز ، — دەپتۇ ئوقۇتقۇچى . باي بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ كېتىپ :
— ئۇنداق بولسا بىزنىڭ باللارنى ئاشۇ كېيىنكى ئايدا ئوقۇتىدىغان دەرسلىرىڭىز بىلەن ئوقۇتۇشقا باشلاڭ ! — دەپتۇ .

## ئۆزلىرى كەلسۇن

بىر ئادەم ئۆيلەنمەكچى بولۇپ ، نۇرغۇن يەرگە ئەلچى قويغان بولسىمۇ ، ھېچقايسىسىدىن جاۋاب ئالالماپتۇ . ئاخىر ئۇ ئالغان تويلۇقلىرىنىڭ جىمىسىنى ئۇچىسىغا ئارتىپ بازارغا چىقىپتۇ . ئۇنى بۇ ھالەتتە كۆرگەنلەر ھەيران بولۇپ :
— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ، — دەپ سوراپتىكەن ، ھېلىقى كىشى

جاۋاب بېرىپتۇ :

— مەن خوتۇن كىشىنىڭ ئالدىغا تولا بېرىپ ھاردىم ، ئەمدى ماڭا مەيلى بارلىرى بولسا ، بۇ تويلۇقنى كۆرۈپ كېلىڭلار!

## مۇئامىلىگە تەسىر يېتىدۇ

قازىنىڭ پۇتۇكچىسى بىر كۈنى قازىدىن سوراپتۇ :

— تەقسىر ، يېقىندىن بېرى سوراق سورىغاندا گاھ ئوڭ كۆزىڭىزنى ، گاھ سول كۆزىڭىزنى قىسىدىغان بولۇپ قالدىڭىزغۇ ؟

— شۇنداق ، — دەپتۇ قازى ، — بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، ئوڭ كۆزۈمگە يېقىنراقلار سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە ئوڭ كۆزۈمنى ، سول كۆزۈمگە يېقىنراقلار سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە سول كۆزۈمنى قىسىپ قويىمەن ، ئۇنداق بولمىغاندا مۇئامىلىگە تەسىر يېتىدۇ ـ دە !

## شېئىر ئوغرىسى

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر شائىر كوچا ئارىلاپ كېتىۋېتىپ بىر مەدداھنىڭ كىشىلەر توپى ئارىسىدا بىر شېئىرنى ئوقۇۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ ـ دە ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— ئوقۇۋاتقىنىڭ كىمنىڭ شېئىرى ، بىلەمسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ھەئە بىلىمەن ، پالانى شائىرنىڭ ، — دەپتۇ مەدداھ .

— ئۆزۈڭ شۇ شائىرنى تونۇمسەن ؟

مەدداھ بىردىنلا كۈلۈۋېتىپ شۇنداق دەپتۇ :

— نېمىشقا تونۇماي ئەمدى ؟ شۇ شائىر ئۆزۈمغۇ .

ھېلىقى شائىرمۇ كۈلۈپ تاشلاپتۇ ۋە :

— شېئىر ئوغرىسىنى كۆرگەنىدىم ، لېكىن شائىر ئوغرىسىنى كۆرمەپتىكەنمەن ، — دەپتۇ .

# ئالىم بىلەن كېمىچى

بىر ئالىم كېمىگە چۈشۈپ ساياھەتكە چىقىپتۇ . ئالىم سەپەر ئۈستىدە كېمىچىدىن سوراپتۇ :

— مەنتىقە بىلەمسىز ؟

— بىلمەيمەن ، — دەپتۇ كېمىچى .

— ئىسىت ، — دەپتۇ ئالىم ، — يېرىم ئۆمرىڭىز بىكار كېتىپتۇ .

ئۇزاق ئۆتمەي بوران چىقىپتۇ ، دەريا داۋالغۇپ ، كېمە چۆكۈشكە باشلاپتۇ . شۇ چاغدا كېمىچى ئالىمدىن :

سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ياق ، — دەپتۇ ئالىم .

— ئۇنداق بولسا ، — دەپتۇ كېمىچى ، — سىز پۈتۈن ئۆمرىڭىزنى خاراب قىلىپسىز .

# ۋات - ۋات بىمار

بىر يۇرتلۇق ئىككى ئاغىنە ياقا يۇرتقا ساياھەتكە چىقىپتۇ . يول ئۈستىدە بىرى قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ ، ھەمراھى يۇرتىغا قايتىپ كەتمەكچى بوپتۇ . ئاغرىق بىچارە شۇ چاغدا ھەمراھىغا مۇنداق جېكىلەپتۇ :

— ئۆيۈمدىكىلەرگە ئېيتقىن ، مېنى بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىيدۇ ، نەپىسى قىسىلىدۇ ، قوللىرى قاتقان ، پۇتلىرى دەرمانسىز ، كۆزلىرى چەكچەيگەن ، پېيى تارتىشقان ، بېلى ئاغرىيدۇ ، مەيدىسى تاشتەك قاتقان ، قەددى پۈكۈلگەن ، كۆزىدىن ياش توختىمايدۇ ، يۈرىكى سوقمايدۇ…

بۇنى ئاڭلىغان ھەمراھى :

— كۆپ سۆزلەشنى ياقتۇرمايمەن ، ئەڭ ياخشىسى سېنى ئۆلدى دەپ قوياي ، — دەپتۇ .

## سوك ـ سوك ئات بارمۇ

مەھكىمىنىڭ تېرىقچىلىق ئىشىنى باشقۇرىدىغان مۇلازىم مال بازىرىغا بېرىپ :

— سوك ـ سوك ئات بارمۇ ؟ ئالىمەن ، — دەپ ۋارقىراپ يۈرسە ، بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مەھكىمە باشلىقى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ :

— ئاتنىڭ ياخشىسى يورغا تۇرسا ، سوك ـ سوكنى ئالىدىغان قانداق ئەخمەقسەن ؟

— ئەقىلـلىقلىقىمدىن سوك ـ سوك ئات ئىزدەۋاتىمەن جانابلىرى ، — دەپتۇ مۇلازىم ، — ئەگەر ئەخمەقلىق قىلىپ يەنە يورغا ئات ئېلىۋەرسەم ، يىللاردىكىدەك ئاتنى سىز مىنىپ ، ساپاننى مەن سۆرىسەم بولىدۇ شۇ !

## ئەقىلسىز پادىشاھ

بۇرۇن بىر ئەقىلسىز پادىشاھ ئۆتكەنىكەن ، ئۇ ئەلنى باشقۇرۇشقا پەمى يەتمەي ، كەلسە ـ كەلمەس پاراڭلارنى قىلىۋېرىدىكەن . بىر كۈنى ۋەزىرلىرى ئۇنىڭغا :

— جانابلىرى باشقا پادىشاھلىقلاردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلغاندا گەپ ـ سۆزلىرىگە دىققەت قىلسىلا ، بولمىسا دۆلەت مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ ، — دېيىشىپتۇ .

— شۇنداق ۋاقىتتا مېنىڭ ئاغزىمدىن ئورۇنسىز گەپلەر چىقىپ كەتكۈدەك بولسا ، سىلەر چاپىنىمنىڭ پېشىنى تارتىپ قويۇڭلار ، — دەپتۇ پادىشاھ .

بىر كۈنى باشقا بىر پادىشاھلىقتىن بىرنەچچە ئەلچى كېلىپ ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ . پادىشاھ :

— قانداق ، سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلارنىڭ بېشىدا چاچ ، قويندا پىت بارمۇ ؟ — دەپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈشكە باشلىغانىكەن ،

يېنىدىكى ۋەزىر ئۇنىڭ پېشىنى تارتىپ قويۇپتۇ ، پادىشاھ دەرھال گېپىنى توختىتىپتۇ . ھېلىقى ۋەزىر كەلگەنلەرگە قاراپ :
— پادىشاھىمىز ناھايىتى مەنىلىك گەپ قىلىدۇ . ئۇنىڭ مۇنداق دېگىنى سىلەرنىڭ ئەلنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ياخشىمۇ ، مال ـ چارۋاڭلار قانداقراق دەپ سورىغىنى ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ . بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ ۋەزىرگە قاراپ ئالىيىپ :
— گېپىم شۇنداق مەنىلىك بولغان بولسا ، نېمە دەپ پېشىمنى تارتاتتىڭ ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ .

## پىششىقىنىمۇ ، توڭىنىمۇ ئۇزىدۇ

بىر مەھەللىدە بىر قېرى بوۋاي بار ئىكەن ، بوۋاي ئاغرىپ قالغاندا شۇ مەھەللىدىكى بىر ياش يىگىت ئۇنى يوقلاپ كىرىپتۇ . بوۋاي يىگىتنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ :
— ئوغلۇم ، ئەمەلگە ئاشمىغان جىق ئارمىنىم بار ئىدى ، ئۆلۈپمۇ كېتەرمەنمۇ ؟ — دەپتۇ .
— ۋاي چوڭ دادا ، — دەپتۇ يىگىت ، — سىلى پىشىپ قالغان قوغۇنغا ئوخشايدىلا ، قوغۇنلۇققا كىرگەن ئوغرى ئالدى بىلەن پىششىقىنى ئۈزىدۇ ، — دەپتۇ .
يىگىتنىڭ سۆزى بوۋاينىڭ دىلىغا تېگىپتۇ ، كۈنلەر ئۆتۈپ بوۋاي ساقىيىپ ، ھېلىقى ياش يىگىت ئاغرىپ قاپتۇ . بوۋاي يوقلاپ كىرسە يىگىت زارلىنىپ :
— بوۋا ، دۇنيانىڭ ھېچقانداق لەززىتىنى كۆرمىگەنىدىم ، ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلارمەن ؟ — دەپتۇ .
— ھەي بالام ، ئورۇنسىز ياش تۆكمە ، بىر قوغۇنلۇققا ئوغرى كىرسە پىششىقىنىمۇ ئۈزىدۇ ، توڭىنىمۇ ئۈزىدۇ ، ئۆلۈمگە نېمە ئامال ؟ — دەپتۇ بوۋاي .

# يېڭى تېۋىپ

شەھەرنىڭ قېرى تېۋىپى ئۆلۈش ئالدىدا يالغۇز ئوغلىغا :
— ئوغلۇم ، مەندىن كېيىن قالساڭ ، باشقا ئىش قىلماي تېۋىپلىق قىلغىن ، كۈنۈڭ ياخشى ئۆتىدۇ ، — دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ .
— دادا ، مەن تېۋىپلىقنى بىلمەيدىغان تۇرسام ، كىشىلەرنى قانداق داۋالايمەن ؟ — دەپ سوراپتۇ ھۈنەرگە كۆڭۈل قويمىغان نادان ئوغلى .
— مەنمۇ باشتا ھېچنېمە بىلمەيتتىم ، كېيىن ئۆگەندىم ، تەجرىبە توپلىدىم ، تىرىشىپ ئاخىر شەھەرنىڭ ئاتاقلىق تېۋىپى بولدۇم ، ئادەمنىڭ مىجەزى كۆپىنچە تاماقتىن بۇزۇلىدۇ . سەن كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە كېسەل كۆرگىلى بارغاندا ، ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قانداق مېۋە ، ئوتياشلارنىڭ قالدۇقى بارلىقىغا سەپسېلىۋېلىپ ، ئاغرىققا شۇ نەرسىنىڭ زىيان قىلغانلىقىنى ئېيتساڭ توغرا بولىدۇ ، — دەپتۇ قېرى تېۋىپ .
تېۋىپ كۆز يۇمۇپ كۆپ ئۆتمەي ، ئۇنىڭ ئوغلى ئۆزىنىڭ كېسەل كۆرىدىغانلىقىنى ئېلان قىپتۇ . ئۇ بىرىنچى قېتىم بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە كېسەل كۆرگىلى بارغاندا دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەسلەپ ، كېسەل كىشىنىڭ ھويلىسىغا قارىسا ھېچقانداق بىر كۆكتات ، مېۋىنىڭ قالدۇقى چېلىقماپتۇ ، پەقەت پېشايۋاندا هارۋىنىڭ لىڭگىرچىقى تۇرغۇدەك . ئۇ تەۋەككۇل دەپ ئۆيگە كىرىپ كېسەل كىشىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ، بىرئاز خىيال سۈرگەندىن كېيىن :
— كېسەل كىشى لىڭگىرچاق يەپ قويغانىكەن ، شۇ بەك زىيان قىلىپ كېتىپتۇ ، — دەپتۇ .
— «لىڭگىرچاق يەپ قويۇپتۇ» دېگەن قانداق گەپ ؟ تونۇگۈن كاۋا مانتىسى يېگەندى ، — دەپتۇ ئۆي ئىگىسى ھەيران بولۇپ .
— ھە توغرا ، تېبابەتچىلىك كىتابلىرىدا كاۋىنى لىڭگىرچاق

دەيدۇ، — دەپتۇ يېڭى تېۋىپ چاندۇرماي.

## قازىنىڭ ئەقلى

بىراۋ قازىنىڭ ئات باقارلىرىدىن سورىدى:

— قازى ئاخۇنۇمنىڭ قورسىقى نېمانداق يوغان، بېشى نېمانداق كىچىك؟

— شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭىزمۇ، — دەپتۇ ئات باقار، — خوجايىنىمنىڭ ئەقلى ئاتتا يۈرگەندە تولا چايقىلىپ قورسىقىغا ساقىپ چۈشۈپ كەتكەن-دە!

## تۆت پاڭنىڭ ھېيت قىلىشى

بىر پاڭ قوي بېقىۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، ئويغانسا قويلىرىنىڭ يېرىمى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇيان-بۇيان ئىزدەپ، بېدە ئورۇۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ قاپتۇ. قويچى پاڭ ئۇلاردىن قوي كۆرگەن-كۆرمىگەنلىكلىرىنى سوراپتۇ. بېدە ئورۇۋاتقانلارنىڭ ھەر ئىككىسىمۇ پاڭ ئىكەن، ئۇلار قويچىنىڭ شەرەتلىرىگە قاراپ:

— بېدىنى بۈگۈن سەھەردىن باشلاپ ئورۇۋاتىمىز، ئەنە ئاۋۇ يار تەرەپتىن چۈشكەنىدۇق، — دەپ يار تەرەپنى كۆرسىتىپتۇ.

پادىچى بېدە ئورۇۋاتقانلار كۆرسەتكەن يار تەرەپكە بارسا قويلىرى ئوتلاۋاتقۇدەك. ئۇ خۇشال بولۇپ، قويلىرى ئىچىدىن پۇتى سۇنۇق بىر قوزىنى بېدە ئورۇۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ:

— ئاغىنىلەر سىلەرگە رەھمەت، سىلەر قويلىرىمنىڭ قاياققا كەتكەنلىكىنى دەپ بەرمىگەن بولساڭلار قويلاردىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتىم، مۇنۇ بىر قوزىنى سويۇپ يەڭلار، — دەپتۇ.

— ھوي، بىز قويلىرىڭنى كۆرمىسەك، قوزاڭنىڭ پۇتىنى بىز تۈلەيتتۇقمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ بېدە ئورۇۋاتقان ئىككى پاڭ.

— ھەي ئاغىنىلەر ، ئىنساپ قىلىڭلار ، بۇ قويلار ئۆزۈمنىڭ ئەمەس ، ئىككىمىزگە ئىككىنى بېرسەن دېگىنىڭلار نېمىسى؟ شۇ قوزىمۇ يېتەر ، — دەپتۇ پادىچى پاك . شۇ جېدەلنىڭ ئۈستىگە مەھەللىنىڭ ئىمامى كېلىپ قاپتۇ ، ئىمامنى كۆرگەن ئورمىچىلار ئورغاقلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ شەرەت قىلىپ :

— بىز بۇنىڭ قويلىرىنى كۆرمىسەك ، قوزىنىڭ پۇتىنى بىز سۇندۇرمىساق ، نېمىشقا تۆلەپ بېرەتتۇق ؟ — دېيىشىپتۇ .

قويچى بولسا بىر بارمىقىنى چىقىرىپ شەرەت بىلەن :

— بۇلاردا ئىنساپ بارمۇ ، بىر قوزا سۆيۈنچە بەرسەم ، يەنە ئازمۇ ؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ . ئىمام بىر ئورمىچىلارنىڭ ئىككىز كۆتۈرۈپ تۇرغان ئورغىقىغا ، بىر قويچىنىڭ قولىغا قاراپ :

— ھە ، بولدى ! بولدى چۈشەندىم ، سىلەر ئۈچىڭلار بىر كۈنلۈك ئورغاقتەك ئاينى تەڭلا كۆرۈپسىلەر ، سىلەرگە رەھمەت ، مەن مەھەللىگە بېرىپ ئېيتىمەن ، ناغرا چالسۇن ، ئەتە ھېيت ، — دەپتۇ . ئەسلىدە ئىمامۇ پاك ئىكەن ، شۇنداق قىلىپ بۇ تۆت پاك روزىنىڭ يىگىرمە بەشىدىلا ھېيت قىلىۋېتىشكەنىكەن .

## شەرىئەتنىڭ مىڭ بىر پۇتىقى بار

شەھەر قازىسى دەۋاگەردىنمۇ ، جاۋابكاردىنمۇ پارا ئېلىپ ، مەقسىتىگە يەتمىگۈچە دەۋانى ھەل قىلماي كەينىگە سۈرۈشكە ئادەتلەنگەنىكەن . بىر كۈنى ئىككى قوشنا پاسىل تالىشىپ قازىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ . قازى بىركۈن ئۇنى ، بىر كۈن بۇنى سوراپ ، گەپنى ئايلاندۇرۇپ ، ئۇلارنى خېلىغىچە ماڭغۇزۇپتۇ . دەۋاگەرلەرنىڭ بىرى زېرەكرەك بولۇپ ، ئۇ قازىنىڭ قورسىقىدىكىنى سېزىپ قېلىپ ئاخشىمى ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر خىش قارىچاينى ئەكېلىپ بېرىپ كېتىپتۇ . ئەتىسى ئىككى قوشنا يەنە قازىنىڭ ئالدىغا سۆرىشىپ كەپتۇ . قارىچاي ئەكېلىپ بەرگىنى ئۇنچىقماي شۈك تۇرۇپتۇ ، يەنە بىرى بولسا قازىغا :

— قازى ئاخۇنۇم ، دەۋانى تولا سۆرىمەي كىسىپلا بىرنىمە دەۋەتسىلە ، شەرىئەتنىڭ مىلىڭ بىر پۈتىقى بارغۇ ؟ — دەپتىكەن ، قازى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ :

— شۇنداق ، شەرىئەتنىڭ مىڭ بىر پۈتىقى بار ، ھەربىر پۈتىقىدا بىردىن قارىچاي بار ، — دەپتۇ .

## تىلەمچىنىڭ ئارزۇسى

بىر توپ ئادەم مۇقەددەس تاۋاپكاھتا تىلەك تىلىشىپتۇ . بىرى باي بولسام دېسە ، بىر خوتۇنۇم ئوغۇل تۇغۇپ بەرسە دەيدىكەن ، يەنە بەزىلىرى غايىپ دۇنيا تېپىۋالسام دېيىشىدىكەن .

شۇ ئەسنادا چەتتە جىم تۇرغان تىلەمچىمۇ ئىنتىز ئىچىپ ئۆز تىلىكىنى تىلەپتۇ :

— ئەي خۇدا ، مەن مۇشۇ شەھەردىكى يېگانە تىلەمچى بوپ قالاي ، تىلىكىمگە يەتكۈز !

## يولدىكى تاۋۇز

بىر ئادەم سەھرادىن كېلىۋېتىپ يول ئۈستىدە تۇرغان يوغان بىر تاۋۇزنى كۆرۈپ ، دەررۇ ئېلىۋېلىشقا پېتىنالماستىن ئۇنىڭ يېنىدا قاراپ تۇرۇپتۇ . بىردەمدىن كېيىن يەنە بىر يولۇچى كېلىپ قاپتۇ ـ دە :

— قاقراق تويلىقتا نېمىنى خىيال قىلىپ تۇرۇپ كەتتىڭىز ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— كۆرمىدىڭىزمۇ ؟ — دەپتۇ بايىقى كىشى ، — چوڭ يولغا تاۋۇز تېرىسام پىلەك سۇرمەيلا چۈشۈپ پىشتى . بۇ كارامەتكە بىرەر ئادەم گۇۋاھ بولسىدى ، دەپ سىزدەك بىرىنى ساقلاپ تۇرغانىدىم .

## باي ۋە ئاشپەز

بىر باي بىر ئۇستا ئاشپەز ياللاپتۇ ـ دە ، ئۆزىنى سورلۇك كۆرسىتىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭدىن ھەرقىسما سوئاللارنى سوراپ ئەڭ ئاخىرىدا :

— كىتاب ئوقۇشنى بىلەمسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .

ئاشپەزنىڭ تازا ئىچى پۇشۇپ تۇرغانىكەن ، باينىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن :

— باي ، سىلى تاماق ئېتىشنى بىلەمدىلا ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ئەلۋەتتە بىلمەيمەن ـ دە ، بىلسەم سېنى ياللاپ نېمە قىلاتتىم ؟ — دەپتۇ باي ھەيران بولۇپ .

— ھەببەللى ، — دەپتۇ ئاشپەز شۇ چاغدا ، — ئەمىسە مەندىن بىھۇدە ئىمتىھان ئالماستىن ، بۈگۈن تاۋۇلىرى تارتقان تاماقنىڭ ئىسمىنى دەپ بەرسىلە !

## يوك ۋە مىننەت

بىر پۇلدار ئادەم بىر دانىشمەنگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ :

— ساڭا مىڭ تەڭگە ئىنئام قىلىش خىيالىم بار ، قانداق دەيسەن ؟ — دەپتىكەن ، دانىشمەن جاۋاب بېرىپتۇ :

— ماڭا بەرىبىر ، بەرسەڭ ئۆزۈڭگە ياخشى ، بەرمىسەڭ ماڭا ياخشى ، چۈنكى بەرمىسەڭ ، مىننەتلىرىڭدىن خالاس بولىمەن .

## قانداق قىلارمەن

خوي ـ پەيلى ئەسكى ۋە تەلەتى سوۆرۈن بىر ئايال كېسەل ئۇخلاپ يېتىپ چۈشىكىدە ئېرىگە يىغلاپ دەپتۇ :

— بايقۇشۇم ، مۇبادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم ، سەن قانداقمۇ قىلارسەن ؟

ئەرمۇ تەڭلا يىغلاپتۇ :
— شــۇنى دېگىنە ، مۇبادا يەنە ئۆلمەي قالساڭ ، قانداقمۇ قىلارمەن ؟

## غەلىتە مەسلىھەت

بىر ياش دېھقان يېزا ئاقساقىلىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ :
— ئۆزىڭىز بىلىدىغان يانباغىرىدىكى يېرىمگە سۇ باشلىسام سۇ زادىلا چىقماي ئالا قىلىۋاتىدۇ ، قانداق قىلسام بولار ؟
ئۇ كۇنى ئاقساقال شىر كەيپ ئىكەن ، شۇڭا غەلىتە مەسلىھەت بېرىپتۇ :
— ھېچ ئىلاج بولمىسا شوتا قويۇپ بەرگىن ، سۇ ئۆزى چىقىپ كېتىدۇ .

## ئىسىمنىڭ ئىزاھاتى

بىر كىشى ئۆلۈپ ئۇ دۇنياغا بارغاندا مۇنكىر - نەكىر ئۇنى سوراق قىپتۇ :
— ئىسمىڭ نېمە ؟
— پارىخور .
— مۇنداقمۇ غەلــىتــە ئــىــســم بولامدۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ مۇنكىر - نەكىرلەر ھەيران بولۇپ . ئۆلۈك دەپتۇ :
— ئـۇ دۇنـيـادىـمـۇ نـۇرغـۇن كـىـشـىـلــەر بۇ ئىسمىمغا ئـەجـەبـلـەنـگـەندى ، لېكىن پايدىسىنى كۆپ كۆرگەن ئىسىمنى ئۆزگەرتكۈم كەلمىدى .

## جىم تۇرغىنىڭنى

بىر ۋات - ۋات ئايال ھە دېسىلا ئېرىدىن :

— مېنىڭ قەيسەرىمنى ياخشى كۆرىسىز ، كۆزۈمنىمۇ ، چېچىمنىمۇ ، خۇلقىمنىمۇ ، مېڭىشىمنىمۇ ياكى سۆزلىرىمنىمۇ ؟ — دەپ توختىماي سوراۋەرگەنىكەن ، تاقىتى تاق بولغان ئېرى جاۋاب بېرىپتۇ :
— راست گەپنى قىلايمۇ ؟ مەن سېنىڭ سۆزلىمەي جىم تۇرغان ۋاقتىڭنى بەكرەك ياخشى كۆرىمەن .

## ئاخىرقى يانچۇق

بىر ئايال ئېرىغا كايىپتۇ :
— ئىشتىنىڭىزنىڭ يانچۇقى نېمىدېگەن جىق ، باشقىلىرىنى يامىۋېتىپ بىرنىلا قالدۇرۇپ قويدۇم ، بۇنىڭدىن كېيىن پۇل - پۇچەكلىرىڭىزنى شۇ يانچۇققا سالارسىز .
— توغرا ، — دەپتۇ ئەر ، — ئۇنىڭدىكى پۇللارنىمۇ كولاپ بولۇپ يامىۋېتەرسەن !

## پۇراق

بىراۋ يەنە بىراۋدىن سوراپتۇ :
— دۇنيادا نېمىنىڭ پۇرىقى يوق ؟
خىيال بىلەن تۇرغان ھېلىقى ئادەم ئۆزىمۇ بىلمەي دەپتۇ :
— خىيالنىڭ .

## ئەقلى بولسا

بىر سورۇندا ئادەملەرنىڭ چىدىماسلىقى توغرىسىدا گەپ بولۇپ قاپتۇ :
— ئادەم دېگەن غەلىتە مەخلۇق - ھە ، ھېلى ئۇنىڭدىن ، ھېلى بۇنىڭدىن يامانلاپ ، تىللاپلا يۈرگەن ، ئادەم زادى قانداق چاغدا

نېمىنى تىللىمايدىغاندۇ ؟
شۇ سورۇندا بىر شەپشەك بار ئىكەن ، ئۇ جاۋاب بېرىپتۇ :
— ئۆيدە خوتۇنىنى تىللىمايدۇ ، مۇبادا ئەقلى بولسا !

## نەگە قاراش لازىم

بىر كىشى مەھەللە ئىمامىدىن :
— تەقسىر ، نامازغا تەرەت ئالغاندا قاياققا قارىغۇلۇق ؟ — دەپ سوراپتۇ .
ئىمام ھايالسىزلا :
— ئەلـۋەتـتە ، مەســچىــت قــايــاقــتــا بولسا ، شۇ ياققا قارىغۇلۇق ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

## كېلىشىش

بــىــراۋ قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنىڭدىن پادشاھ ئالدىدا ئــۆزىــنــىــڭ ئوغرى ئەمەسلىكىگە گۇۋاھ بولۇشىنى ئۆتۈنۈپتۇ ۋە مۇشۇنداق قىلسا ئوبدان رازى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .
— ئەمىسە ، — دەپتۇ قازىمۇ قاراپ تۇرماي ، — بېشىڭغا ئارا تۇرسام تۇراي ، مېھنەت ھەققىمگە مىڭ سەر ئالتۇن بېرىسەن .
— ھەق تۆلىشىمدە گەپ يوق ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى ، — شـۇغــىــنــىــســى مىڭ سەر ئالتۇن ئەمەس ، شۇنىڭ قىممىتىدىن ئاشۇرۇپراق زاڭ مال بەرسەم قانداق ؟

## دۆت ۋە دۆت ئەمەس

بىراۋ ئاغىنىسىگە مەسلىھەت سالدى :
— مائاشىم ئۆسۈپتۇ ، بىراق بېشىم قېتىۋاتىدۇ ، بۇ گەپنى ئايالىمغا دېمەي دېسەم ، ئۇ جەزمەن ئۆزۈڭ دۆت بولغاچقا ، ئەل

قاتارى مائاشىڭ ئۆسمىگەن گەپ ، دەپ تىل سالىدۇ…
— ئەمەسسە ئايالىڭغا مائاشىم ئۆستى دەپ ئېيتمۇەرمەمسەن؟ — دەپ ئاغىنىسى يول كۆرسىتىپتۇ . ھېلىقى كىشى بولسا :
— يوقسۇ ، مەن ئۇنداق دۆتلەردىن ئەمەس ، — دەپتۇ .

## يەنە بىر ساراڭنى تىزىملاۋاتىمەن

بىر ئادەم دائىم ساراڭلارنى تىزىملاپ يۈرىدىكەن . بىر كۈنى ئۇ تىزىم دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ :
— يۇرت ئىچىدە ساراڭلا كۆپىيىپ كەتتى ، بۇنى ئازايتىشنىڭ ئامالى بارمىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ شاھتىن . شاھ گەپنى ئاڭلار ـ ئاڭلىمايلا ھېلىقى كىشىنى يوقالدىن ـ يوقالغا سېلىپ قوغلاپتۇ . ھېلىقى كىشى بىر قەدەم ئارقىسىغا چېكىنىپ ، دەپتىرىنى ئېچىپ بىرنېمىنى يازغىلى تۇرۇپتۇ . شاھ دەرغەزەپكە كېلىپ :
— يەنە نېمە يېزىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ . ھېلىقى كىشى دەپتەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ :
— يەنە بىر ساراڭنى تىزىملاۋاتىمەن ، — دەپتۇ .

## ئىسمىڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىز

«ئېشەك» ئىسىملىك بىر كىشى توي قىپتۇ . ئەتىسى خوتۇنى :
— ئىسمىڭىز بەك سەت ئىكەن ، ئۆزگەرتسىڭىز ، — دەپ تەلەپ قىلىپتۇ . ئۇ ماقۇل بوپتۇ ـ دە ، سىرتقا چىقىپ كېتىپ ، بىرھازادىن كېيىن قايتىپ كىرىپتۇ . خوتۇنى يەنە سوراپتۇ :
— ئىسمىڭىزنى ئۆزگەرتتىڭىزمۇ؟
— ئۆزگەرتتىم ؟
— نېمىدەپ ؟
— «قېچىر» دەپ .

## ئاتنىڭ ئۇستىدە

دائىم ياخشى ئات مىنىپ يۈرىدىغان بىر كۆرەڭ ئاتلىق كېتىۋېتىپ ئېشەكچى بوۋاينى كۆرۈپ سوراپتۇ :
— بوۋاي ، ئېشەك نەدە ؟
— ئېشەك ئاتنىڭ ئۇستىدە !

## بۇنى ئۆزۈڭدىن كۆر

بىر قىزغانچۇق ئۆي سالدۇرۇپ ، تامچىلارغا دوق قىپتۇ :
— ئۆيۇم كەڭ بولۇپ كېتىپتۇ ، جۆندەپ بېرىڭلار !
— ئۆيۈڭنىڭ كەڭلىكى ئاشخاناڭنىڭ تارلىقىدىن بولغان ، بۇنى ئۆزۈڭدىن كۆر ، — دەپتۇ تامچىلار .

## تىلەك ۋە جاۋاب

بىراۋ چۈشىدە ئاللاتائالا بىلەن سۆزلىشىپتۇ :
— ئى ئاللا ، سېنىڭ نەزىرىڭدە مىڭ يىل قانچىلىك ۋاقىتتۇر ؟
— بىر دەقىقە ، — دەپتۇ ئاللا .
— ئى ئاللا ، ئەمىسە سېنىڭ نەزىرىڭدە ئون مىڭ تىللا قانچىلىك پۇلدۇر ؟
— بىر تەڭگە ، — دەپتۇ ئاللا .
— تەڭرىم ، ئەمىسە ماڭا بىر تەڭگە مەرھەمەت قىلساڭ !
ئاللادىن سادا كەپتۇ :
— بولىدۇ ، پەقەت بىردەقىقە ساقلىغىن !

## پەرق

ئىككى بوۋاي ئۆزئارا پاراڭغا چۈشۈپتۇ . بىرى :
— ئاتمىشىنچى يىللاردا يېزىغا چۈشكەن كادىرلار بىزگە تاماق

يىگىنى ئۇچۇن پۇل بىلەن ئاشلىق بىلىتى قالدۇرۇپ كېتەتتى ، ئېيىسىڭىزمۇ ؟ — دەپتىكەن ، ئىككىنچىسى خورسىنىپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ :

— ھازىر كەلگەن كادىرلارمۇ بىزگە قۇرۇق شىشە بىلەن ئۇستىخان قالدۇرۇپ كېتىۋاتامدۇ !

## مەسىلە چىقىدۇ

بىر باشلىق دوختۇرخانىغا كېلىپ كانىيىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىدىن ۋايساپتۇ ۋە ئەنسىرەپ :

— دوختۇر ، چوڭراق مەسىلە چىقىپ قالماس ـ ھە ؟ — دەپ سوراپتۇ .

دوختۇرمۇ قىزىقچى ئادەمكەن ، ئۇ بىمارغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ :

— ھازىرچە ئانچە چوڭ مەسىلە يوق ، بىراق دىققەت قىلىڭ ، كانىيىڭىز سەللا يوغىناپ كەتسە مەسىلە چىقىدۇ ، — دەپتۇ .

## مەنپەئەت ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى

بىر كىشى قوشنىسىدىن سوراپتۇ :

— بالاڭ شۇنچە تىرىشچان ئىدى ، نېمىدەپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي قالدى ؟

— ھەي قويساڭچۇ ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى خورسىنىپ ، — بالام نومۇر ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتكەندى ، ئەمما مېنىڭ بىپەرۋالىقىمدىن مەنپەئەت ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قېپقالدى .

## تانسا دېگەن…

ئىككى دېھقان ئېتىز قىرىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپتۇ ، بىرى :

— ئاداش ، ئاڭلىسام شەھەرلىكلەر تانسا دېگەن ئويۇنغا بەك ئامراقمىش ، تانسا دېگىنى قانداق نېمە ئۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .
— شۇنىمۇ بىلمەمسەن ؟ — دەپتۇ يەنە بىرى بىلەرمەنلىك قىلىپ ، — تاڭسا دېگىنى ، ئەرنى ئايالغا ، ئايالنى ئەرگە تاڭسا ، ئىككىسى سازغا كەلتۈرۈپ ئۇيان ـ بۇيانغا ماڭسا دېگىنى .

## نان چايناپ بېرىۋاتىدۇ

بىر ئاخشىمى ئەر ـ خوتۇن ئۈچ ياشلىق ئوغلى بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈۋاتسا ، ئېكراندا قىز ـ يىگىت سۆيۈشۈۋاتقان كۆرۈنۈش چىققانىكەن ، سەبىي بالا :
— دادا ، ئاۋۇلار نېمە قىلىۋاتىدۇ ، — دەپ سوراپتۇ .
— بىلام ، ئاۋۇ ئاكاش ئۇ قىزنىڭ ئاكىسى ، ئۇ قىز ناننى سېپىنىڭچىلىكمۇ يېيەلمەيدىكەن ، شۇڭا ئاكىسى سىڭلىسىغا نان چايناپ يېگۈزۈۋاتىدۇ ، — دەپتۇ دادىسى چۈشەندۈرۈپ .

## بېيىش يولى

بىر ئەمەلدار باشقىلارنىڭ بېيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىچى ئاداپ ، ئاغىنىسىدىن :
— ماڭىمۇ بېيىش يولى بارمىدۇ ؟ — دەپ سوراپتىكەن ، ئاغىنىسى :
— سېنىڭ بېيىش يولۇڭ بارغۇ ، — دەپتۇ .
— قانداق يول ؟ — دەپ سوراپتۇ باشلىق .
— ئاۋۋال ئۆي تويىنى ، كېيىن بالاڭنىڭ بۆشۈك تويىنى ، ئاندىن كېيىن نەۋرەڭنىڭ خەتنە تويىنى ، قىزىڭنىڭ چوڭ تويىنى ، ئاخىرىدا ئۆنى ئاجراشتۇرۇۋېلىپ ئىككىنچى ، ئۈچىنچى··· تويلىرىنى قىلىۋەرسەڭ ، جەزمەن بېيىپ كېتىسەن ، — دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ ئاغىنىسى .

## دوست ـ دۈشمەن

باشقىلارغا داۋاملىق قالايمىقان چاقچاق قىلىپ يۈرىدىغان بىرەيلەن بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىز يۈگۈرۈپ كىرىپ :
— ئاداش ، تېز بول ، هازىرلا ئۆزۈن يوللۇق تېلېفون كەلدى ، داداڭ تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ ، — دەپتۇ . بۇ گەپنى ئاڭلىغۇچى قايغۇسىنى باسالماي قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ . شۇ ئەسنادا يەنە بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭ ئۆزۈن سەپەردىن هېرىپ كەلگەن دادىسىنى باشلاپ كىرىپتۇ . يىغلاۋاتقان يىگىت دادىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۇنى خۇشال قارشى ئاپتۇ ۋە هېلىقى ئاغىنىسىگە كايىپ ، — سەن نېمىشقا يالغان سۆزلەيسەن ، سەنمۇ دوست بولامسەن ؟ — دەپتۇ . ئاغىنىسى غەم تارتماي :
— بىزدە «دوست يىغلىتىپ ئېيتار ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېگەن ماقال بار ، ئەمدى كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭ ئايرىۋال ، — دەپتۇ .

## ئاتا ـ بالىنىڭ دەردى

بىر كىشى قوشنىسىغا نەسىهەت قىپتۇ :
— بۇرادەر ، سىز بىلەن بىز ياشنىپ قالدۇق ، هاراق ئىچىشنى تاشلاڭ .
— هەي ئاغىنە ، دەردىم بار ، شۇڭا ئىچىمەن ، — دەپتۇ قوشنىسى .
— نېمە دەردىڭ بار ؟
— ئوغلۇم يۈزۈمنى قىلماي هاراق ئىچىپ يۈرىدۇ ، مەن شۇنىڭ ئاچچىقىدا ئىچىمەن .
هېلىقى كىشى قوشنىسىنىڭ ئوغلىغا نەسىهەت قىپتۇ :
— بالام ، سەن نېمىشقا كىچىك تۇرۇپلا هاراققا بېرىلىپ كەتتىڭ ؟ بۇ ناچار قىلىقنى تاشلا .

— دەردىم بار ، شۇڭا ئىچىمەن ، — دەپتۇ ئوغۇل .
— نىمە دەردىڭ بار ؟
— دادامنىڭ ساقىلىغا ئاق كىردى ، هازىرغىچە هاراقتىن ئۆزىنى تارتمايدۇ . مەن شۇ دەردتە ئىچىمەن .

## كالاچ ـ مەسە قانداق بولدى

بىر ئۆيدىكى بوۋاي بىلەن موماي سوقۇشۇپ قالغانىكەن ، جېدەلدىن خەۋەر تاپقان قوشنىلاردىن بىرى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بوۋايغا ئۇچراپ قېلىپ ، ئۇلارنىڭ جېدىلى توغرۇلۇق سوراپتۇ :
— هە ، كالاچ ـ مەسىنىڭ ئىشى قانداق بولدى ؟
— نىمە بولاتتى ، قىستاپ ـ قىستاپ چۈشۈپ قالدى ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي .

## تۇغۇتلۇق ۋاقتىڭدا تۇگىتىۋالغىن

بىر ئادەمنىڭ تولىمۇ ئازازۇل ، ۋات ـ ۋات ئايالى يەڭگىپتۇ . لېكىن ، ئايال تۇغۇتلۇق يېتىپمۇ بەتقىلىقىنى قويماپتۇ . بىر كۈنى چاي ئۇستىدە پاراڭدىن پاراڭ چىقىپ ، ئايال ئېرىگە دەپتۇ :
— قوشنىمىزنىڭ ئايالى چوڭ موللىدىن ئاڭلاپتۇدەك ، تۇغۇتلۇق ئايال هەرقانچە خاتالىق ئۆتكۈزسىمۇ گۇناھ يېزىلمىغۇدەك .
— تولا ئوبدان گەپ ئىكەن ، — دەپتۇ ئېرى شۇ هامانلا ، — ئۇنداق بولسا سەنمۇ هەرقانچە ئازازۇللۇقۇڭ بولسا ، تۇغۇتلۇق ۋاقتىڭدا قىلىپ تۇگىتىۋالغىن .

## مۇشۇ ئەقىللىقلار ئاپارسۇن

بىر باي ئۆز خىزمەتكارى هەرقانچە بەجانىدىل ئىش قىلىپ

بەرسمۇ ، زادىلا كۆزىگە ئىلماي تىل ـ ئاھانەت قىلىدىكەن . بىر قېتىم خىزمەتكار بايىنى مېھماندارچىلىقتا ئاپارماقچى بولۇپ ھارۋىنى قوشۇۋاتسا ، باي ئۆيدىن چىقىپلا يەنە تىللاپ كېتىپتۇ :
— چاپسانراق بولمامسەن ، ئەقىلسىز ؟ ! ئىسىت سېنى ئىشلىتىپ يۈرگىنىمگە ، سېنىڭدىنچۇ ، مۇشۇ ئاتلار ياخشى .
باي ھارۋىغا چىقىشىغىلا خىزمەتكار قامچىنى ئاتنىڭ نوختىسىغا قىستۇرۇپ قويۇپ ئۆزى بىر چەتكە بېرىپ قاراپ تۇرۇپتۇ . بۇنى كۆرگەن باي تېخىمۇ تېرىكىپتۇ :
— نېمە مەسىلدايسەن ، ھەيدىمەمسەن ھارۋىنى ؟ !
— ھەيدىمەيمەن ، — دەپتۇ شۇ گەپنىلا كۈتۈپ تۇرغان ھارۋىكەش ، — ئەمدى سىزنى مۇشۇ ئەقىللىقلار دېگەن يېرىڭىزگە ئاپىرىپ كەلسۇن .

## ئۆلچەپ كېلىپ بىرنەرسە دەي

بىر كىشى موللىلىقتىن خەۋىرى بار قوشنىسىدىن سورىدى :
— قوشنام ، ئاخۇنۇم مەسچىتتە دائىملا ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا دەپ سۆزلەيدۇ ، ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقى زادى قانچىلىكتۇ ؟
قوشنىسى سوئال سورىغان ئادەم تۇرغان يەرنى پۇتى بىلەن سىزىپ بەلگە قىپتۇ ـ دە ، ئۆزى ئۇدۇل مەھەللە ئايغىدىكى زاراتگاھلىقتا قاراپ قەدەم ساناپ مېڭىپتۇ .
— ھە قوشنام ، نەگە ماڭدىڭىز ؟ — دەپ سوراپتۇ ھەيران بولغان ھالدا سوئال سورىغان كىشى ، قوشنىسى ئېيتىپتۇ :
— ئۇ دۇنيا بىلەن بولغان ئارىلىقىڭىزنى ئۆلچەپ كېلىپ بىرنەرسە دەيمىكىن !

## ئاپام قارىچايغا ئەۋەتكەنتى

بىر يىگىت ئىككى رومكا هاراق ئىچىۋېلىپ ، دەلدەڭشىگەن

پېتى بازارنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ ، ئۆچرىغانلا كىشىگە ئېسىلىپ :
— نوچى بولساڭ كېلە ، قورقمايمەن ، ساقچىدىنمۇ قورقمايمەن ، — دەپ ۋارقىرىغىنىچە تۇرۇپتۇ .
دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ ، مورىسىگە قولىنى قويۇپتۇ ، يىگىت يۇلقۇنۇپ ئۆرۈلسە ، ساقچى ئىكەن .
— ھەي يىگىت ، نېمە قىلىۋاتىسەن بۇ يەردە ؟ — دەپ سوراپتۇ ساقچى .
— بىكار ، ئۆزۈمچە !… — دەپتۇ يىگىت دەررۇ رۇسلىنىپ ، — ئاپام بازارغا قارىچايغا ئەۋەتكەنتى…

## ئۆگزەمدىن ئارتىلدۇرۇپ ئەكېتىڭلار

ياز بويى يامغۇر ياغمىغاچقا ، مەھەللىدىكىلەر قوي سويۇپ ، نەزىر قىلىپ زاراخەتمە ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ ، ئۆيمۇئۆي پۇل يىغىپتۇ . نۆۋەت بىر بېخىلنىڭكىگە كەلگەندە ، ئۇ زادىلا بىرنەرسە بەرگىلى ئۇنىماپتۇ .
— يامغۇر ياغسا سىزنىڭ بېغىڭىزغىمۇ مايدەك ياقىدىغۇ ! — دەپتۇ پۇل يىغقىلى كەلگەن كىشىلەر .
— نېسىدىن تەلىيىم يوق ، — دەپتۇ بېخىل ، — بولدى ، شۇ يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇتنى مېنىڭ ئۆگزەمدىن ئارتىلدۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ كېتىڭلار .

## سوغۇقلارنى دالاندا ئۆتكۈزۈۋەتتىم

بىر باي ئۆز يىللىقچىسىنىڭ ئېتىغا خۇشتار بولۇپ قېلىپ ، شۇنى قولغا كىرگۈزۈش يولىدا يازچە ئۇنىڭغا ھەممە ئەسكىلىكنى قىپتۇ ، قورساقتىن قىسىپتۇ ، قەرزلىرىنى سۆيلەپ ئۇندۇرۇۋاپتۇ ، بىراق يىللىقچى ھەرقانچە قىينالسىمۇ ئاتنى قولىدىن زادىلا چىقارماپتۇ .

كەچ كۈزدە باي يەنە يىللىقچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، بۇدا ئاتنى يەنە بەرمىسە ، ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ ئۆگزىسى ئېچىلىپ قالغان ئەسكى دالان ئۆيگە چىقىرىپ قويىدىغانلىقىنى پۈرىتىپ ، يىللىقچىدىن :

— ھە ، قانداق ؟ بۇ يىل قىشنى سارايدا ئۆتكۈزەمسەن ياكى دالاندىمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

يىللىقچى دەپتۇ :

— يازچە بويكەتكەن نى ـ نى قارا سوغۇقلارنى دالاندا ئۆتكۈزۈۋەتتىم ، بۇ قىشنىڭ سوغۇقى نېمىدى ، بولدى ، دالاندا ئۆتكۈزەي !

## ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ

بىر كىشى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئوغلىنىڭ ئۆزىدىن كېيىن قالسا گاڭگىراپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، نەسىھەت قىلماقچى بولۇپ ، ئوغلىنى ئېلىپ ، ئېشىكنى يېتىلەپ سىرتقا چىقىپتۇ . ئۇلار پاراڭلىشىپ ، ئېشەكنى يېتىلەپ كېتىۋاتسا ، بىرنەچچە كىشى ئۇچراپ :

— ماۋۇ ئەخمەقلەرنى قاراڭلار ، ئېشەكنى بىكار قويۇپ ، بىرى ، بىر كىچىك بالا پىيادە ماڭغۇچە ، بىرەرسى مىنىۋالسا بولمامدۇ ؟ — دېيىشىپتۇ . ئۇ كىشى ئېشەكنى ئۆزى مىنىپ ، بالىسىغا يېتىلىتىپ مېڭىپتۇ . ئازراق ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىرنەچچەيلەن ئۇچراپ :

— ھەي ، پوق ساقالغا قاراڭلار ، كىچىككىنە بالنى پىيادە قويۇپ ، ئۆزى ئېشەكنى مىنىۋالغىنىنى ! — دېيىشىپتۇ . ھېلىقى كىشى دەررۇ ئېشەكتىن چۈشۈپ ، بالىسىنى مىندۈرۈپ ، ئۆزى يېتىلەپ مېڭىپتۇ . بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىرنەچچە كىشى ئۇچراپ :

— ماۋۇ شۇمتەككە قارا ، ئاپئاق ساقال دادىسىغا ئېشەكنى

يېتىلتىپ ، ئۆزى مىنىۋالغىنىنى ! — دېيىشىپتۇ . ئەمدى ھېلىقى كىشى ئۆزىمۇ بالىسىنىڭ كەينىگە مىنگىشىپتۇ . ئېشەكنىڭ ئىككى ئادەمنى ئارانلا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن كىشىلەر :
ھــوي مــاۋۇ نـائىــنساپلارغا قارا ، بىر ئېشەككە ئىككىسى مىنىۋېلىپ ، ئېشەكنى ئۆلتۈرەيلا دەپتۇ ، — دېيىشىپتۇ . ھېلىقى ئــادەم شــۇ يەردىن ئۇدۇل ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ ـ دە ، بالىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ :
— كۆردۇڭمۇ بالام ، سەن دۇنيادا ياشايدىكەنسەن ، ھەرقانداق ئىش قىلساڭ ، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزمەي ئىلاجىڭ يوق . خەقلەر ھەرنېمە دەۋېرىدۇ ، بىراق مەندىن كېيىن قالساڭ ، ئاۋۋال خۇدا ، ئاندىن قالسا ئۆز ۋىجدانىڭغا توغرا بولسا ، شۇ يولدىن چىقماي مېڭىۋەر ، باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋەرسەڭ ، ماڭىدىغان يولۇڭنىمۇ تاپالماي قالىسەن ، دەپتۇ . بالىسى دادىسىنىڭ سۆزىنى ئېسىدە ساقلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ .

## بۇغىلارنىڭ جاۋابى

ئۈۋچىنىڭ ئىككى تايغىنى خوجايىنى كۆرسەتكەن بۇغىلارنى يېرىم كۈنگىچە قوغلاپ زادىلا يېتەلمەپتۇ ، بىر چاغدا تايغانلارنىڭ بىرى :
— ئــەي بۇغىلار ، بىزمۇ ئۆلگۈدەك ھاردۇق ، سىلەرنىڭمۇ مــاغدۇرۇڭلار قالمىدى ، توختاڭلار ، سىلەردىن سورايدىغان بىر سوئالىمىز بار ، — دەپتۇ . بۇغىلار توختاپ :
— قېنى سورا ! — دەپ قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشىپتۇ .
— يۈگۈرۈشكە كەلگەندە بىزدىن يۈگۈرۈك ھايۋان يوق ئىدى . ئــەجەبا ، بۈگۈن سىلەرگە زادىلا يــېــتەلــمــىدۇقــقــۇ ، بــۇنــىــڭ ســـىــرى نــەدە ؟ — دەپ سوراپتۇ تايغان .
بۇغىلاردىن بىرى كۈلۈپ قويۇپ :
— بــۇنــىــڭ ســـىــرى شۇ يەردىكى ، بىز ئۆز ھاياتىمىزنى ،

بالىلىرىمىزنى ، جىنىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يوگۇردۇق ھەم يوگۇرىمىز ، سىلەر بولساڭلار ئوۋچىنىڭ ئەسكى تەگنىسىدىكى يوندا ھەم ئاشقان — تاشقان نەرسىلەر ئۈچۈن يوگۇردۇڭلار ھەم يوگۇرىسىلەر ، سىز ئەنە شۇ يەردە ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

## ئادىل ھۆكۈم

بىر ئادىل پادىشاھ چۈشلۈك غىزادىن كېيىن دەم ئېلىپ يېتىپ ، بىر ياشلىق ئوغلىنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ئوينىتىۋاتسا ، خىزمەتكار كىرىپ ئۇنىڭغا ئەمەلدارلاردىن بىرىنىڭ كەلگىنىنى ئېيتىپتۇ . پادىشاھ ئەمەلدارنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ . ھېلىقى ئەمەلدار ئىشىكتىن كىرىپلا پادىشاھنىڭ ھالىتىگە كۆزى چۈشۈپتۇ ـ دە :

تەقسىر ، جانابلىرىدەك بىر ئالىي زات كىچىككىنە بىر بالىنى مەيدىلىرىگە دەسسىتىپ ، ساقاللىرىنى يۇلدۇرۇپ ئولتۇرسىلا ، بۇ ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە نۇقسان ئەمەسمۇ ؟ — دەپتۇ .

پادىشاھ ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپتۇ ـ دە ، چاۋاك چېلىپ پۈتۈكچىنى چاقىرىپتۇ ۋە :

— ياز ، — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ ، — ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن تامغان ئەۋلادى — بالىسى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى ئۆزىگە ئار ـ نومۇس دەپ بىلگۈچىنىڭ ئۆز خەلقىگە ، مىللىتىگە ، دىنىغا ھېچقانداق مېھرى بولمايدۇ . ئۇنىڭ كىچە ـ كۈندۈز ئويلايدىغىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئابرۇيى ۋە مەنپەئىتى . شۇڭا ، بۇ ئەمەلدار ئۆز خىزمىتىدىن توختىتىلسۇن !

كىرگەن ئەمەلدار پادىشاھنىڭ ھۆكمىنى ئېلىپ قايتىپتۇ .

## يېڭى خاتىپنىڭ ھۆكمى

مەدرىسنى يېڭى پۈتتۈرگەن بىر ياش تالىپ يىراق يېزىغا ئىمام

قىلىپ ئەۋەتىلىپتۇ . بۇ يېزا بەك چۆل بولۇپ ، نە مېۋە ـ چېۋىسى ، نە كۆڭۈل ئاچقۇدەك باشقا ئىشلىرى يوق ئىكەن . ياش ئىمام بەش ۋاخ نامازدىن كېيىن قېرى ـ چۆرىلەر بىلەن مەسچىت ئالدىدا كۈن ئۆتكۈزۈپ ، بەكمۇ زېرىكىپتۇ .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ يېزىدىكى بىر توپ ئادەم بىر يىگىتنى باغلىغىنىچە ئىمامنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ يىگىتنى پاھىشىۋازلىقتا ئەيىبلەپ ، جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ . خاتىپ يىگىتتىن :

— ھەي نائىنساپ ، كىشىلەرنىڭ دېگەنلىرى راستمۇ ؟ — دەپ سوراپتىكەن ، يىگىت لام ـ جىم دېمەي سۈكۈتتە تۇرۇپتۇ ، خاتىپ يەنە قىستاپ سورىغاندىن كېيىنلا ئۇ :

— تەقسىر ، ياشلىقنىڭ كەينىگە كىرىپ ، بۇ يېمەس پوقنى يەپ قويۇپتىمەن ، — دەپتۇ .

— ھە ، مانا ، — دەپتۇ خاتىپ ، — مەسىلە ئەمدى ھەل بولدى ، گۇناھىغا توۋا قىلسا پەتىۋايى شەرىيتە گۇناھى كەچۈرۈلىدۇ ، سەن ئەخمەق توۋا قىل !

يىگىت توۋا قىپتۇ ، بىراق تۇتۇپ كەلگەنلەر :

— زادى جازالاپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ ، قۇرۇق توۋىدىن نېمە چىقىدۇ ؟ — دەپ غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ .

— ھوي خوتۇنى تالاقلار ، — دەپتۇ يېڭى خاتىپ ھۆرپەيگەن توپقا قاراپ ، — يېزاڭدا يىگۇدەك ئالما ـ ئۆرۈك ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىپ ئوينايدىغان قارا باستى ، مەشرەپ ـ پەشرەپ ، تۈرلۈك قىزىقچىلىقنىڭ بولمىسا ، بۇ خەق پاھىشىۋازلىق قىلماي ئۆلەمدۇ ئەمىسە ؟ ئالە شۇنداق خاتىپلىقىڭنى ! — دەپ سەللە ـ پەرىجىلىرىنى تاشلاپ ، يېزىدىن كېتىپ قاپتۇ .

## تېخى ياخشى ئىكەنغۇ

بىر كىشى ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا ، مەھەللىدىكى جامائەت ئۇنى يوقلاپ كىرىپتۇ . جامائەتنىڭ بىرى بىمارنىڭ باش تەرىپىدە

ئېسقلىق تۇرغان دۇتار ، تەمبۇرنى كۆرسىتىپ :

— بۇرادەر ، دۇتار ـ تەمبۇر بار يەرگە پەرىشتە كىرمەيدۇ ، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ سىز ؟ نېمىشقا بۇلارنى بېشىڭىزغا ئاستۇرۇپ قويىسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى بوپتۇ ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىمار كىشى ، — راستىنلا شۇنداق بولسا ، مەن ئۆلۈپ كەتسەم شۇ دۇتار ـ تەمبۇرنى گۆرۈمگە ئەكىرىپ قويۇپ ، ئاندىن مېنى كۆمۈڭلار . سوئال ـ سوراقتىن خاتىرجەم ياتىدىكەنمەن .

## بۇلبۇل بىلەن تۇتى

تۇتى بۇلبۇلنى كىشىلەرنىڭ ماختاپ ، ئارزۇلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئىچى تارلىقى كەلدى ـ دە ، بۇلبۇلدىن سورىدى :

— نېمىشقا سەن سەت بولساڭمۇ خەقلەر سېنى ماختايدۇ ، بىراق مەن شۇنچە چىرايلىق ، ھەرقانداق نەرسىنى دورىيالايدىغان تۇرسام نېمە ئۈچۈن خوجايىنىم مېنى زادىلا ياقتۇرمايدۇ ؟

بۇلبۇل جاۋاب بېرىپتۇ :

— گەپ سەت ـ چىرايلىقلىقتا ، ھەممىنى دوراشتا ئەمەس ، ئۆزىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىشتا .

## قورقماس

بىر سودىگەر خىزمەتكارلىرى بىلەن سەپەر ئۈستىدە بىر ئورمانلىقنىڭ يېنىدا چېدىر تىكىپ تۈنەپ قاپتۇ . كېچىدە ئۇلار غىزا يېيىشىۋاتسا چېدىر ئالدىدا ۋەھىمىلىك چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ ، سودىگەر چېدىرنىڭ بۇلۇڭىغا ئۆزىنى ئېتىپ :

— قايسىڭ جايىڭدا مىدىرلىمىساڭ مۇكاپات بېرىمەن ، — دەپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ . سەلدىن كېيىن چىرقىراش بېسىلىپ ،

سودىگەر ئۆزىنى بىر ئاز توختىتىۋېلىپ ، ئۆپچۆرىسىگە قارىغۇدەك بولسا ، خىزمەتكارلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۇدەك بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلارغا مۆكۈنۈۋالغان ، پەقەت بىر خىزمەتكار جايىدا ئولتۇرغۇدەك .

— يارايسەن ، خىزمەتكارلىرىمنىڭ ئىچىدە ئەڭ قورقماس ئوغۇل بالا سەن ئىكەنسەن ، ئېيتە ، مۆكاپات ئۈچۈن نېمە تەلەپ قىلىسەن ؟ — دەپتۇ سودىگەر ھېلىقى خىزمەتكارىغا .

— تەقسىر ماڭا پەقەت يەڭگۈشلىۋالىدىغانغا بىرلا تامبال بولسا بولاتتى ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خىزمەتكار .

## «مەن بىلىمەن»

بىر پوچى ئادەم بار ئىكەن ، ئۇ ھەرقانداق نەرسىنى «مەن بىلىمەن» دەيدىكەن ، بىر قېتىم ئىككى ـ ئۈچ ئادەم جەننەت توغرىسىدا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرسا ، ئۇ :

— يۇرۇڭلار ، مەن بىلىمەن ، — دەپلا مېڭىپتۇ ، ھېلىقىلار قىزىقىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپتۇ . بىلەرمەن ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىپ ـ مېڭىپ شەھەرنىڭ چېتىگە چىقىپ كېتىپتۇ . ئۇ ئاتقان پوسنى قانداق ئەپلەشنى بىلمەي كېتىۋېتىپ ، يول چېتىدىكى بىر توپ چىنارغا بىر سۇمۇرغىنىڭ قونۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ ـ دە ، يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ ، سۇمۇرغىنىڭ پۇتىنى كاپپىدە تۇتۇۋاپتۇ ۋە تۆۋەندىكىلەرگە :

— مانا ، مەن بىلىمەن دېمىدىممۇ ، پۇتۇمغا يامىشىڭلار ، — دەپ ۋارقىراپتۇ . ئاڭغىچە سۇمۇرغ چوچۇپ ئۇچۇپتۇ . ئۇچەيلەن بىر ـ بىرىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىشىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ . بىر يەرگە بارغاندا ، ئەڭ ئاستىدىكى ئادەم تاقەتسىزلىنىپ :

— ئەي ئاداش ، جەننەتكە يەنە قانچىلىك بار ؟ — دەپ سوراپتىكەن ، بىلەرمەن ماختىنىپ :

— مەن بىلىمەن ، مانا مانچىلىك بار ، — دەپلا قوشنىڭ پۇتىدىن قولىنى ئاجرىتىۋېلىپ ، غولىچىنى كېرىپ

كۆرسىتىپتىكەن ، ئۇلار شۇ هامان غۇلاپ ، جەننەتكە كىرمەي ، جەهەننەمگە راۋان بولۇشۇپتۇ .

## ۋاپاسىزلىقنىڭ مېۋىسى

بىر ئادەمنىڭ ئايالى بېشى ، پۇت ـ قولى يوق ، خۇددى تۇلۇمغا ئوخشاش دۇپدۇگىلەك بالا تۇغۇپتۇ . بۇ بالىنى كۆپ قېتىم تېۋىپ ـ موللىلارغا كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، هېچكىم سەۋەبى ۋە داۋاسىنى ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ . ئاخىر چەت يېزىدىن كەلگەن بىر مۇنەججىم هېلىقى ئەر ـ خوتۇنغا :

— ئىككىڭلار كۆڭلۈڭلاردىكى ئەڭ يوشۇرۇن سىرىڭلارنى ئاشكارا ئېيتىڭلار ، بولمىسا بالىغا باش ـ كۆز ، پۇت ـ قول ئاپىرىدە قىلىش مۇمكىن ئەمەس ، — دەپتۇ .

— مەن ، — دەپتۇ ئېرى ، — دائىم ئايالىم ئۆلۈپ كەتسە ، كۆڭلۈمدىكىدەك باشقا خوتۇن ئالسام دەپ ئويلايتتىم ، — ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇشىغىلا بالىغا ئۆزلۈكىدىن كۆز ، قۇلاق ، بۇرۇن ۋە باش پەيدا بولۇپتۇ .

— مەن ، — دەپتۇ ئايال ئۆز نۆۋىتىدە ، — دائىم ئېرىم يىراق سەپەرگە چىقىپ كەتسە ، ئاشنا تۇتۇپ ، راسا ئېچىلىپ ـ يايراپ تاماشا قىلسام ، دەپ ئويلايتتىم .

ئايالنىڭ گېپىمۇ ئاخىرلاشماي تۇرۇپ بالىغا دەرهال پۇت ۋە قول پەيدا بوپتۇ . ئەر ـ خوتۇن بۇ كارامەتتىن هەيران بولۇشۇپ ، ئۆزئارا ۋاپادار بولۇپ ئۆتۈشكە ئەهدە قىلىشىپتۇ .

## مەنسەپپەرەسنىڭ ئارزۇسى

بىر مەنسەپپەرەس ئادەم بولۇپ ، دائىم يۇقىرى مەنسەپتىكىلەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش تەمەسىدە يۈرىدىكەن . بىر كۈنى ئۇ بىر ئاتنى يېتىلەپ يۇرت هاكىمىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ـ دە :

— جانابلىرىغا بۇ ئاتنى تۇتتۇم ، قوبۇل قىلغايلا ! — دەپتۇ .
— نېمە ئىلتىماسىڭ بار ؟ — دەپتۇ ھاكىم ئەجەبلىنىپ .
— ئىلتىماسىم ئاددىيلا ، — دەپتۇ مەنسەپپەرەس ، — بازار كۈنى مېنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا يانلىرىغا چاقىرىپ قۇلىقىمغا بىر ئېغىزلا گەپ قىلىپ قويسىلا ، تىللىسىلىمۇ مەيلى .
— بولىدۇ ، — دەپتۇ ھاكىم كۈلۈپ .
بازار كۈنى ھاكىم سىپاھلىرى بىلەن كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئات ئەكېلىپ بەرگەن كىشىنى كوچىدا كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە ، ئۇنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ چاقىرىپتۇ ۋە قۇلىقىغا :
— ھوي چوشقا ، بەتبەخت ! — دەپ پىچىرلاپتۇ .
مەنسەپپەرەس بولسا شۇ ھامان قولىنى كۆكسىگە قويۇپ :
— بولىدۇ تەقسىر ، بولىدۇ ! — جەزمەن ئورۇندايمەن ، — دەپتۇ .

## ئاكىسى ئاتقان پاختا

پادىشاھ بىر جىنايەتچىنى چارسۇغا باغلاپ ، شەھەردىكى ھەممە كىشىگە ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىشنى بۇيرۇپتۇ . جىنايەتچى ئۆزىگە ئېتىلغان چالما ـ كېسەكلەرگە پىسەنت قىلماپتۇ . پەقەت توپنىڭ ئىچىدىن بىرى قويندىن دۈگىلەك قىلىنغان پاختىنى ئېلىپ ئاتقانىكەن ، جىنايەتچى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتىپتۇ .
— نېمىشقا يىغلايسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ، — نېمىشقا شۇنچە چالما ـ كېسەككە مىت قىلماي ، بۇ كىشى ئاتقان پاختىغا شۇنداق قىلىسەن ؟
— پادىشاھىم ، — دەپتۇ جىنايەتچى ، — ئاۋۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا يات ، ئۇلارنىڭ ئاتقان قاتتىق نەرسىلىرى ماڭا تەسىر قىلغىنى يوق ، پاختا ئاتقان كىشى بولسا مېنىڭ ئاكام بولىدۇ . ئۇنىڭ ئاتقان پاختىسى ، ياتلار ئاتقان چالما ـ كېسەكتىن قاتتىق تەگدى .

## كېيىن ئاقارتىۋېتىڭ

بىر ئادەم قوشنىسىنىڭ يېڭى سېلىۋاتقان ئۆيىنى كۆرگىلى كىرىپ :
— ئۆيىڭىز پۈتۈپ قاپتۇ - ھە؟ — دەپ زوقلىنىپتۇ .
— خۇدا بۇيرۇسا ، — دەپتۇ قوشنىسى ، ئەمدى ئاقارتىشلا قالدى ، ئاۋۋال ئاقارتمەن ، كېيىن تاملارغا رەسىم سىزدۇرۇۋېتىمەن .
ئۆيگە كىرگۈچى دەپتۇ :
— ئەڭ ياخشىسى ئاۋۋال رەسىم سىزدۇرۇپ ، ئاندىن ئاقارتىۋېتىڭ .

## سىزگە شاگىرتلىققا بېرەيمۇ

بىر كىشى ئوغلىنى تۆمۈرچىگە شاگىرتلىققا بەرگەنىكەن ، قولى ئەگرى قوشنىسى كۆڭۈل بۆلۈپ :
— تۆمۈرچىلىك ئېغىر ئىش ، بالا يانجىلىپ كېتىدۇ ، ئۇنىڭدىن ئاسانراق پۇل تاپىدىغان ھۈنەرگە بېرىڭلار ، — دەپتۇ .
شۇ چاغدا بالىنىڭ دادىسى تەنلىك كۈلۈپ :
— بەللى ، ئۇنداقتا سىزگىلا شاگىرتلىققا بەرمەيمۇ بولمىسا؟ — دەپتۇ .

## تۆگىچىنىڭ يوقاق ئانىسىنى داۋالىشى

تۆگىچى كىرا قىلىپ بارغان يۇرتىدىن بىر كىشىنى كىرا قىلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ . ئۇلار يولدا كېلىۋاتسا ، بىر توپ كىشىلەر خارقىراپ ياتقان بىر كالىنىڭ چۆرىسىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغۇدەك . شۇنىڭ بىلەن تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى يولۇچى سەكرەپ يەرگە چۈشۈپتۇ - دە ، كالىنى ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ قاراپ ، كالا ئىگىسىگە بىر پاي پىيما تېپىپ ئەكەلدۈرۈپ ، پۇتىغا

كىيىپتۇ ـ دە ، كالىنىڭ مۈڭگۈز ـ قۇيرۇقىنى خەقلەرگە مەھكەم تۇتقۇزۇپ ، ئۆزى ئارقىغا بەش قەدەمچە چېكىنىپ ، يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى كالىنىڭ پوقاق ئادەمنىڭكىدەك كۆپۈپ تۇرغان بويىنىغا كۈچەپ دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ . شۇ هامان كالىنىڭ ئاغزىدىن قىپقىزىل ئۇيۇل ـ ئۇيۇل قان چاچراپ چىقىپتۇ ـ دە ، كالا ھۆركىرەپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىپتۇ . تۆگىچى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دىققەت بىلەن بايقاپ تۇرۇپتۇ .

يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن تۆگىچى ھېلىقى كىشىنى يۈك ـ تاقلىرى بىلەن سارايغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ ـ دە ، يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىگە كېلىپ ، پوقاق ئانىسىنى ھويلىغا ئاچىقىپ ياتقۇزۇپتۇ . ئاندىن ئۇ ئۇلۇك پۇتىغا پىيما كىيىپ ، خوتۇن ـ بالىلىرىغا ئانىسىنىڭ باش ـ ئاياغلىرىنى مەھكەم تۇتقۇزۇپ ، ئۆزى نېرىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئانىسىنىڭ پوقىقىغا كۈچەپ دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ . ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن ھېچنېمە چىقماپتۇ ، پەقەت غىققىدىلا قىلىپ جېنى چىقىپ كېتىپتۇ .

## بىراقلا ئارام ئالاي دېسەڭ

بىر ھۆرۈن تام تۈۋىدە يېتىپ زېرىكىپتۇ ـ دە ، يولدا كېتىۋاتقان بىر دېھقانغا پاراڭ قىپتۇ :

— ئاغىنە ، ئاپتاپتا يېتىپمۇ تۈزۈكرەك ئارام ئالالمىدىم ، قانداق قىلسام بولار ؟

دېھقان دەپتۇ :

— بىراقلا ئارام ئالاي دېسەڭ ، ئاپتاپتا ئەمەس ، يامغۇر شارقىراپ ياغقاندا مۇشۇ تامنىڭ تۈۋىدە قوپماي يات .

## بازارغۇ قىزىدى...

بىر كىشى بازاردىن يېنىپ چىقىۋاتسا ، ئۇنىڭغا بىر پاھىشىۋاز ئادەم يولۇقۇپ قاپتۇ ـ دە ، چاقچاق قىپتۇ :

— ھە ئاغىنە ، بۈگۈنكى بازار قىزىدىمۇ؟ سەتەڭلەر خېلى كىرىپتۇمۇ؟

— بازارغۇ قىزىدى ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ كىشى ، — ئەمما ئۆزىڭىزنىڭ قىزىدىن سەتەڭرەك ھېچكىم كىرمەپتۇ .

## مۇشۇ دۇنيادىلا ئېلىۋال

ئىككى ئادەم بازاردا كېكىردەك سىقىشىپ سوقۇشۇپ كېتىپتۇ . بىرى :

— بەرمەيمەنغۇ زادى ، نېمە قىلاتتىڭ؟ — دېسە ، ئىككىنچىسى :

— بەرمىسەڭ بەرمە ، پۇلۇمنى قىيامەتتە ئالىمەن ، قېنى شۇ يەردە بەرمىگىنىڭنى كۆرەي ، — دەپ ۋاقىرىغۇدەك . ئۇلارنى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىراۋ ئاجرىتىپتۇ :

— بۇرادەر ، — دەپتۇ ئۇ ئاالرمەنگە ، — ياخشى گەپ قىلىپ پۇلۇڭنى مۇشۇ دۇنيادىلا ئەپلەپ ئېلىۋالدىغاننىڭ كويىنى قىل ، قىيامەتتە ئالغىنىڭ بىلەمۇ ، بەربىر ئۇ يەردە خەجلەيدىغان بازار يوق .

## چالما - كېسەك قىلىشنىڭ شەرتى

بىر توپ كىشى بىر ئادەمنى ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ، ئۇنى پاھىشە قىلدى دەپ ئەيىبلەپ ، جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ . ھاكىم جاۋابكاردىن بۇ سۆزنىڭ راست - يالغانلىقىنى سورىسا ، ئۇ سۈكۈت قىلىپ خىجالەتچىلىكتە يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ . ھاكىم خىزمەتكارلىرىغا يىگىتنى دەرەخكە باغلاشنى بۇيرۇپ ، دەۋاگەرلەرگە دەپتۇ :

— بۇ پاھىشۋازنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن ھەممىڭلار ئۇنى چالما - كېسەك قىلىسىلەر ، ئەمما چالما - كېسەك ئاتقۇچى ئۆمرىدە

بىرەر قېتىم پاھىشىۋازلىق قىلمىغان ياكى نامەھرەمگە قارىمىغان بولسۇن .

ھاكىم گېپىنى تۈگەتكۈچە ، ھېلىقى دەۋاگەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ .

## ھاراقنىڭ كاراملىتى

پادىشاھ ھاراقنى قەتئىي مەنئىي قىلغان كۈنلەردە ياساۋۇللىرى ھاراق ساتقان بىر سودىگەرنى تۇتۇپ ئەكەپتۇ .

— سەن مېنىڭ شەھىرىمدە بۇ زەھەرنى سېتىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ . سودىگەر :

— ئەي پادىشاھ ئالىيلىرى ، ھاراقنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق كاراملىتى بار — دەپتۇ .

— قېنى سۆزلە ، نېمە كاراملىتى بار ؟ — دەپتۇ پادىشاھ غەزەپلىنىپ .

— بىرىنچىدىن ، — دەپتۇ سودىگەر ، — قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ ، ئىككىنچىدىن قورققاقنى پالۋان قىلىدۇ ، ئۈچىنچىدىن خەسىسنى مەرد قىلىدۇ ، ئىشەنمىسىلە سىناپ كۆرسىلە !

پادىشاھ سودىگەرنىڭ گېپى بويىچە بىر ئۆينى نازۇنېمەت ، ھاراق ـ شاراب بىلەن تولدۇرۇپ شەھەردىن بىر قارىغۇ ، بىر قورقۇنچاق ، بىر خەسىس ئادەمنى تېپىپ كېلىپ ، ئۇلارنى بۇ ئۆيدە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ ، ئۆزى سىرتتا كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ . ھېلىقى ئۈچى قورساقنى راسا تويغۇزۇپ ، ھاراقنى قانغۇچە ئىچىپ مەست بوپتۇ ـ دە ، پاراڭغا چۈشۈپتۇ . دەسلەپ قارىغۇ ئېغىز ئېچىپ :

— ئاغىنىلەر ، نېمە كارامەت بۇ ؟ جاھان ماڭا يوپيورۇق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىدىغۇ ! پادىشاھنىڭ سارىيىدىكى گۈللەر ، چىنە ـ قاچىلار نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە ! — دەپتۇ .

ئاندىن قورقۇنچاق ئورنىدىن تۇرۇپ :

— ھۇ سېنىڭ شۇ چىنە ـ قاچىلىرىڭنى ، ھېلى بىكار چېقىپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋېتىمەن ، — دەپ چاققىلى تۇرۇپتۇ .
قىزىپ كەتكەن بېخىلمۇ چىداپ ئولتۇرالماي :
— چاقە ـ چاق ، يامىنى كەلسە ، پۇلىنى ئۆزۈم تۆلەيمەن ، — دەپ ۋارقىراپتۇ .
بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پادىشاھ ھاراقىنىڭ كارامىتىگە قايىل بوپتۇ ـ دە ، سودىگەرنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىلىپتۇ .

## جازا يېتىشتۇرۇۋالغۇچە…

بىر باشلىق ئۆز ئورۇنباسارىغا كايىپ :
— قول ئاستىدىكىلىرىڭىز بىلەن ئادىشىم ـ ئاداش بولۇپ يۈرگىنىڭىز نېمىسى ؟ سەل جازىڭىز بولمىسا ، ئۇلارنى باشقۇرالمايسىز ، جۇمۇ !
ئورۇنباسار ئۇنچىقمىدى ، ئەتىسى ئۇ مەھكىمىگە قول ھارۋىنىڭ جازىسىنى كۆتۈرۈپ كەلدى . بۇنى كۆرگەن باشلىق ئەجەبلىنىپ :
— بۇنى نېمىگە كۆتۈرۈۋالدىڭىز ؟ — دەپ سورىغانىدى ، ئورۇنباسار جاۋاب بەردى :
— تۈنۈگۈنكى مەسلىھەتىڭىز بويىچە ئۆزۈمدە سىزنىڭكىدەك جازا يېتىشتۇرۇۋالغۇچە ، مۇشۇ جازىنى كۆتۈرۈپ يۈرەر دەيمەن .

## ئاگاھلاندۇرۇش

ئۈچ مىڭ مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ئەڭ ئارقىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان تەنھەرىكەتچى رېپىرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە چېپىپدە توختاپ ، ھىجىيىپ باش لىڭشىتىپتۇ .
— يۈگۈرۈۋېرىڭ ، تېخى مۇسابىقە ئاياغلاشمىدى ، — دەپتۇ ھەيران بولغان رېپىر .
— يوقسۇ ، ئۇنىڭغۇ بىلىمەن ، — دەپتۇ تەنھەرىكەتچى ، —

سىزنىڭ ئوغلىڭىز مېنىڭ سىنىپىمدا ئوقۇيتتى ، شۇنى ئېيتىپ قوياي ، دەپ توختىۋىدىم .

## توغرا جاۋاب

پادىشاھ ئۆڭ قول ۋەزىرىدىن :
— پالانى ۋىلايەتكە كىمنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىسەك بولار ؟ — دەپ سوراپتىكەن ، ۋەزىر ھېچ ئىككىلەنمەيلا :
— پالانچى تازا مۇۋاپىق ، ئۇ تەيىنلەنسە چوقۇم پۇقرالارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالايدۇ ، — دەپتۇ .
— بۇ دېگىنىڭغۇ توغرا ، — دەپتۇ پادىشاھ ، — بىراق ئۇ سېنىڭ دۈشمىنىڭ ئەمەسمىدى ؟ ئەجەب بۈگۈن ئىككىلەنمەيلا شۇنى كۆرسەتتىڭغۇ ؟
ۋەزىر جاۋاب بېرىپتۇ :
— ئالىيلىرى مەندىن كىم خىزمەتكە لايىق دەپ سورىدىلا ، بىراق كىم مېنىڭ كۆڭلۈمگە ياقىدىغان - ياقمايدىغانلىقىنى سورىمىدىلا !

## تۈلكىنىڭ قىرغاۋۇل تۇتۇشى

بىر تۈلكە جاڭگالدا قىرغاۋۇلنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ . دەسلەپ ئۇ قىرغاۋۇلنى كۆرگەن ھامان خىرىس قىلىپ ئېتىلىدىكەن - دە ، نەتىجىدە قىرغاۋۇل چۆچۈپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىدىكەن . كېيىن تۈلكە ئويلىنىپ ، ئۆزىنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپتۇ . قىرغاۋۇلنى كۆرگەن چاغدا قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ ، مۇلايىم تەبەسسۇم قىلىپ ھەتتا كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن . نەتىجىدە قىرغاۋۇل ھېچبىر خەتەر يوقتەك غەمسىز يۈرۈپ ، ئوزۇق ئىزدەيدىغان بوپتۇ . تۈلكە بولسا ئۇشتۇمتۇت سەكرەپ بېرىپلا ئۇنى بوغۇۋالىدىغان بوپتۇ .

## لەشكەر بېشىنىڭ سەپتە مېڭىشى

بىر لەشكەر بېشى لەشكەرلىرى بىلەن يۈرۈشكە چىققاندا دائىم سەپنىڭ ئاخىرىدا ماڭىدىكەن. ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدىغانلار بۇنى كۆرۈپ مەسخىرە قىلىپ:

— قاراڭلار، بۇ لەشكەر بېشى ئەمەس، پادىچىكەن، خۇددى پادىچىدەك لەشكەرلىرىنىڭ كەينىدىن ماڭىدىكەن، — دېيىشىپتۇ. لەشكەر بېشى بۇنى ئاڭلاپ ئەمدى سەپنىڭ ئوتتۇرىدا ماڭىدىغان بوپتۇ، دۈشمەنلىرى يەنە مەسخىرە قىلىپ:

— لەشكەر بېشى قورقۇنچاق ئىكەن، قاراڭلار، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغىنىنى! — دەپتۇ. لەشكەر بېشى ئەمدى سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپتۇ. ھېلىقىلار يەنە مەسخىرە قىلىپ:

— قارا، بۇ ماختانچاقنى! ئالغان شەھىرىنىڭ تايىنى يوق، گىدىيىپ ھەممىسىنىڭ ئالدىغا چىقىۋاپتۇ، — دېيىشىپتۇ. لەشكەر بېشى دۈشمەنلىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىۋەرسە، ماڭىدىغان يولىنى بىلەلمەي قالىدىغانلىقىنى سېزىپتۇ ـ دە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ خالىغىنىچە ماڭىدىغان بوپتۇ.

## سەن ئۇنىڭغا ئوخشىمايسەن

بىر كىشىنىڭ ئاچچىقى بەكمۇ يامان بولۇپ، بىر قېتىم مۇشۇكى داستىخان يېنىغا كەپتىكەن، ئۇ:

— پەش دېدىم بىر، پەش دېدىم ئىككى، پەش دېدىم ئۈچ، — دەپلا مۇشۇكنى بوغۇزلاپ تاشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوتۇنى ئاچچىقى كەلسە مېنىمۇ بوغۇزلاپ تاشلايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قورقۇپ ئۇنىڭدىن خېتىنى ئاپتۇ ۋە باشقا بىراۋغا تېگىۋاپتۇ.

ئايالنىڭ كېيىنكى ئېرى ياۋاش كىشى ئىكەن، بىر قېتىم ئۇ ئايالنىڭ ئازازۇللۇقىدىن جىلە بولۇپ ئولتۇرسا، مۇشۇكى داستىخان يېنىغا مىياڭشىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن:

— پەش دېدىم بىر... — دەپتىكەن ، ئايالى قېتىغا كىرمىگەن هالدا :
— سەن مەس - مەسچۇ ، ئۇنى دورىيالمايسەن ، — دەپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ .

## ئېلىك ماۋۇ نېمىگىزنى...

بىر كىشى بازارغا كېتىۋاتسا ، ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان بىر ئايال ئەتەي ئۇنلۇك ئوسۇرۇپتۇ . هېلىقى ئادەم :
— بازارغا ئالغاچ كېتەيمۇ ؟ — دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ .
كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ كىشى بازاردىن يېنىپ كېتىۋاتسا هېلىقى ئايال تېخىچە ئىشلەۋاتقۇدەك . ئۇ ئايالنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە بىرنى ئوسۇرۇپتۇ - دە ، ئايالغا :
— ئېلىڭ ماۋۇ نېمىگىزنى ، بازاردا ئالمىدى ، — دەپ كېتىپ قاپتۇ .

## چاچراتقۇ نەدىن چىقتى

بىر يېزىدا كىتاب ئاچىدىغان بىر موللا ، چاچراتقۇ سالىدىغان بىر موماي بار ئىكەن . كىشىلەرنى ئالداپ پۇلنى كۆپرەك تېپىش ئۈچۈن ، موللا بىلەن موماي گەپنى بىر قىلىۋالغانىكەن . بىركۈنى مۇخبۇل دېگەن بىر دېھقاننىڭ يوگۇرۇك تورۇق ئېتى ئاغرىپ يېقىلىپ قاپتۇ . مۇخبۇل موللىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كىتاب ئاچقۇزغانىكەن ، موللا :
ئوغلۇم خاتىرجەم بول ، ئېتىڭ ساقىيىدۇ ، ئېتىڭغا بىرى قەست قىلغاندەك تۇرىدۇ . ئالدى بىلەن چاچراتقۇ سالدۇرۇپ كۆرۈپ باق ، ئاندىن مېنىڭ قېشىمغا كەل ، — دەپتۇ .
مۇخبۇل ئۆيىگە قايتىپ بارسا ، ئاتنىڭ هالى ناهايىتى خاراب بولۇپ ، پىچاققا ئاران ئۇلگۇرۇپتۇ . ئۇ ئاتنى سويۇپ پارچىلاپ ،

قولۇم ـ قوشنىلىرىغا تارقىتىپ بېرىپتۇ ، تېرىسىنى تېرە ئاشلىغۇچىغا بېرىپتۇ .

شۇ كۈنى پېشىن نامىزىدىن قايتقاندا موللا :

— مۇخبۇل ئوغلۇم ، چاچراتقۇ سالغۇزدۇڭمۇ ؟ چاچراتقۇڭ نەدىن چىقتى ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ئەي تەقسىر ، چاچراتقۇ چاچراتقۇلۇقتىن چىقتى ، ئاتنىڭ بوينى ئاجراتقۇلۇقتىن چىقتى ، گۆشى پارچىلاتقۇلۇقتىن چىقتى ، ئۇستىخىنى ئىتلارغا تاشلاتقۇلۇقتىن چىقتى ، تېرىسى ئاشلاتقۇلۇقتىن چىقتى ، — دەپتۇ .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان موللا نومۇستىن بىر قىزىرىپ ، بىر تاتىرىپ كۆپنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن لەت بوپتۇ .

## تەخپۇڭلاشسۇن دېدىم

بىر دەۋادا قازى ئۆزىگە نەپ بەرگەن تەرەپكە ھەدەپ يان بېسىۋەردى . بىر چەتتە قاراپ تۇرغانلاردىن بىرى قوش مۇشتچىلىك تاشنى ئېلىپ ، ئۇنچىقماي بېرىپ قازىنىڭ بېرىقى يانچۇقىغا سېلىپ قويدى .

— بۇ نېمە قىلىق ؟ — دەپ غەزەپلەندى قازى . ھېلىقى ئادەم دېدى :

— قارىسام بىر تەرەپكىلا قېيىپ كېتىپ بارىسىز ، ئوڭ ـ سولىڭىزنى تەخپۇڭلاشسۇن دېدىم .

## گەپ جىگدىلىكتىكىدەك...

پادىشاھ بىكارچىلىقتىن پۈتۈن شەھەر خەلقىگە بىردىن ھاسا ياساشنى بۇيرۇپتۇ ۋە «كىمنىڭ ھاسىسى يارىسا ، شۇنىڭغا چوڭ ئىنئام بېرىمەن» دەپ جاكارلاپتۇ . ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ پادىشاھ خەلقنىڭ ھەرىكىتىنى بايقاپ بېقىش ئۈچۈن ، سىرتقا

چىقىپتۇ . بازاردىن ئۆتۈپ ، شەھەرنىڭ چېتىگە چىقسا ، بىر چوڭ جىگدىلىكتە قېرى بىر بوۋاي ئۆزى تەنها ئولتۇرۇپ ، كېسىلگەن جىگدە تايىقنى ئېگىۋاتقۇدەك .

— بوۋا ، نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ قىزىقىپ .

— بىزنىڭ سارانىڭ پادىشاھنىڭ چۈشىگە ھاسا كىرىپ قېلىۋېدىمىكىن ، ئەلنىڭ ھەممىسىگە ھاسا ياساشنى بۇيرۇپتۇ ، مەنمۇ قاتاردىن قالماي دەپ ھاسا ياساۋاتىمەن ، — دەپتۇ بوۋاي .

— خەقلەر نى - نى ئېسىل ھاسىلارنى ياساۋېتىپتۇ ، سىزنىڭ بۇ ھاسىڭىز پادىشاھقا يارارمۇ ؟ — دەپتۇ پادىشاھ بوۋاينى گەپكە سېلىپ ، — ئىنئام ئالالارسىزمۇ ؟

— يارىسا يارار ، بولمىسا ئىنئامنى يەتمىش پۇشتىغا بېرەر ، — دەپتۇ بوۋاي شۇ ھامان .

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ھەممە ئادەم ياسىغان ھاسىلىرىنى ئېلىپ ئوردىغا كەپتۇ . ئوردىغا كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى بوۋايمۇ بار ئىكەن . پادىشاھ كەلگەنلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ بوۋاينى تونۇپ قاپتۇ . بوۋايمۇ پادىشاھنى تونۇپ قاپتۇ .

— ھە بوۋاي ، — دەپتۇ پادىشاھ ، — بۇ ھاسىڭىز پادىشاھقا يارامدۇ ؟

— يارىسا يارار ، پادىشاھىم ، — دەپتۇ بوۋاي ئەيمەنمەستىن ، — بولمىسا گەپ جىگدىلىكتىكىدەك...

پادىشاھ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ئىنئامنى بوۋايغا بېرىپتۇ .

## قۇرۇق چىقاتتىڭىزمۇ...

ياز كەلگەندە بىر ئايال ئېرىگە دېدى :

— تازىمۇ بىكۈيۈم ئادەم ئىكەنسىز ، سەھرادىكى تۇغقانلىرىڭىزنى يوقلاپ كېلەيمۇ ، دېمەيسىزغۇ ؟

— قويساڭا ، قۇرۇق قول نېمىدەپ چىقىمەن ، — دەپ ئېرى

ئېتىراز بىلدۈردى .
— قۇرۇق دېگىنىڭىز نېمىسى ؟ — دېدى ئايال دەررۇ ، — ئىككى ـ ئۈچ چوڭراق خالتا ئېلىۋالامسىز !

## خەت يېزىش ۋە ئىجادىيەت

مەلۇم بىر يازغۇچىنىڭ گېپى چىققان سورۇندا بىر كىشى باشقىلاردىن سوراپتۇ :
— ئۇ يازغۇچىنى سول قولىدا خەت يازىدۇ ، دەيدۇ ـ ھە ؟
— ھەئە ، سول قولىدا خەت يازسا نېمە بوپتۇ ؟— دەپ سوراپتۇ ھەيران بولغان ھالدا گەپ قىلىۋاتقان كىشى . سوئال سورىغۇچى ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ھەيرانلىق بىلەن :
— ياللا ، — دەپتۇ ، — خەتنى سول قولىدا يېزىپ تۇرۇپ ، شۇنچىۋالا نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىۋېتىپتۇ ، ئەگەر ئوڭ قولىدا يېزىپ قالغان بولسا ، ئىش بار ئىكەن ـ دە !

## ئۆزى چىقمىدى ، ئاۋازى چىقىۋاتىدۇ

بىر كىشىنىڭ خوتۇنىنىڭ پۇتىغا تىكەن كىرىپ كېتىپتۇ . ئېرى يىڭنە بىلەن تىكەننى ئېلىۋاتقاندا ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭراۋاتقان ئايال ئۆزىمۇ تۇيمايلا ئوسۇرۇۋېتىپتۇ ۋە دەرھاللا چاندۇرماستىن :
— تىكەن چىقاي دەۋاتامدۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ ئېرىدىن .
— ھازىرچە ئاۋازى چىقىۋاتىدۇ ، — دەپتۇ ئېرى دەررۇلا .

## تېخىمۇ ئېغىر كەلمەمدۇ

بىر كىشى پوچتىخانىغا خەت سالاي دەپ بارسا ، مۇلازىم قىز

خەتنى جىگلاپ بېقىپ :
— خېتىڭىز بىر ماركىغا ئېغىر كەلدى . يەنە بىر ماركا چاپلاڭ ، — دەپتۇ .
— بىر ماركا ئېغىر كەلگەن خەتكە يەنە بىر ماركا چاپلىسام ، تېخىمۇ ئېغىر كەلمەمدۇ ؟ — دەپتۇ ھېلىقى كىشى گەپ بەرمەي .

## تېزرەك چۈشەرمىكىن دەيمەن

بىر ئايال تۈغۈت ئۈستىدە بوشىنالماي بەكمۇ قىينىلىپ كېتىپتۇ . نېمە قىلىشىنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالغان ئېرى دەرھال بىر غەلۋىر ياڭاق ئېلىپ كىرىپ ، خوتۇنىنىڭ قولاق تۈۋىدە ھەدەپ شاراقشىتقىلى تۇرۇپتۇ . ئايال جان ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ :
— چاشقانغا قىيىن ، مۇشۇككە ئويۇن دېگەندەك ، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ ؟ — دەپتىكەن ، ئېرى دەرھال چۈشەندۈرۈپتۇ :
— ئۇنداق دېمە ئانىسى ، ئۈچىلا بالىمىز ياڭاقتا ئۆلگۈدەك ئامراق ئەمەسمۇ ؟ بۇداقىسىمۇ شۇنداق بولسا ، ياڭاقنىڭ شاراقشىغىنىنى ئاڭلاپ تېزرەك چۈشەرمىكىن دەيمەن !

## مېنىڭ يۈزۈم قالمىدى

بىر كىشى دائىم ئاغىنىسىنىڭ ناخشىنى بۇزۇپ ئېيتىدىغانلىقىغا كايىپ ، ئۇنى ناخشىنى توغرا ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرىدىكەن . بىر ئاخشىمى ئۇ ئۆيدە ئولتۇرسا ھېلىقى ئاغىنىسى يەنە ناخشىنى بۇزۇپ ئېيتقان پېتى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ . ھېلىقى كىشى يۈگۈرۈپ تالاغا چىقىپ ئاغىنىسىنى توختىتىپتۇ ـ دە :
— بۇنىڭدىن كېيىن ناخشا ئېيتقۇچى بولما ، — دەپتۇ .
— نېمىشقا ؟ — دەپتۇ ئاغىنىسى چۈشىنەلمەي .
— نېمىشقا بولاتتى ؟ — دەپتۇ ھېلىقى كىشى

چۈشەندۈرۈپ، — سەن تالادا ناخشا ئېيتىپ ئۆتسەڭ، ئۆيدە تۇرۇپ مېنىڭ يۈزۈم قالمىدى.

## بەشىنچى قېتىم ئوقۇماقچىمەن

يېڭىدىن شېئىرلار توپلىمى نەشردىن چىققان بىر ياش شائىر ئاغىنىسىگە:
— يېڭى شېئىرلار توپلىمىم چىقتى، كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپتىكەن، ئاغىنىسى:
— كۆردۈم، تۆت قېتىم ئوقۇدۇم... — دەپتۇ.
— رەھمەت!
— تۆت قېتىم ئوقۇپ ھېچنېمە چۈشىنەلمىدىم، — دەپتۇ ئاغىنىسى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يېقىندا بەشىنچى قېتىم ئوقۇماقچىمەن.

## ئەقىللىق يىگىت

پادىشاھنىڭ قىزى: «كىم مېنى ئۈچ قېتىم ئاچچىقلاندۇرۇپ، ئۈچ قېتىم كۈلدۈرسە شۇنىڭغا تېگىمەن» دەپ جاكارلاپتۇ. تالاي ـ تالاي يىگىتلەر تەلەي سىناپ، لەت بولۇپ قايتىپتۇ. ئاخىر بىر پادىچى يىگىت قىزنىڭ ھوزۇرىغا كەپتۇ ـ دە، مەلىكىگە سۆز تاشلاپتۇ:
— ئاھ خېنىم، بىر بەرسىلە، بىر بەرسىلە!
شۇ ھامان مەلىكە غەزەپتىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپتىكەن، پادىچى:
— قولliرىدا مەي ـ شارابتىن بىر جام، — دەپ مەلىكىنى كۈلدۈرۈۋېتىپتۇ.
— ۋاي خېنىم سوققۇم كېلۇر، سوققۇم كېلۇر، — دەپتۇ پادىچى ئىككىنچى قېتىم، مەلىكە يەنە دەرغەزەپكە كەپتۇ. پادىچى

ئۇلاپلا :

— دۈشمىنىڭنىڭ بېشىغا ئون مىڭ تاياق ، — دەپتىكەن مەلىكە شادلىنىپتۇ . پادىچى ئۈچىنچى قېتىم :

— جان خېنىم ياققۇم كېلۇر ، ياققۇم كېلۇر ، — دېگەنىكەن ، مەلىكە غەزەپتىن تىترەپ كېتىپتۇ . پادىچى بولسا :

— مەلىكەمنىڭ بېشىغا شامۇ چىراغ ، — دەپ گېپىنى تۈگىتىپتۇ . مەلىكە بولسا چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كېلىپ ، پادىچى يىگىتنىڭ قولىنى تۇتۇپتۇ .

## ئۇستىرا ئىتتىك

بىر كىشى ساتىراشخانىغا كىرىپ چاچ ئالدۇرۇپتۇ . ساتىراشنىڭ ئۇستىرىسى تولىمۇ گال بولغاچقا ، ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ قىيناپتۇ . لېكىن ئۇ چىشىنى چىشلەپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ . بىر چاغدا ساتىراش :

— خۇشىپىقىپ ئۇخلاپ قالدىلىمۇ نىمە ؟ ئۇستىرا بەك ئىتتىكچۇ ، — دەپتۇ .

— بۇنى بىر دېمەڭ ، — دەپتۇ چاچ ئالدۇرغۇچى ، — ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتىمەن ، — بېشىم بىر توڭ كاۋىغا ئايلانغانمىش ، ئېشەك كېلىپ ھەدەپ غاجىلىغۇدەكمىش ، چۆچۈپ ئويغانسام ئېشەك ئەمەس ، سىزنىڭ ئۇستىرىڭىز ئىكەن .

ئۇ شۇنداق دەپتۇ ـ دە ، يېشىنى قېقىپ تۇرۇپ كېتىپتۇ .

## قاچان ئۇچرىشىمىز

ئىككى تۈلكە قاپقانغا ئىلىنىپ قاپتۇ ، بىرى يەنە بىرىدىن سوراپتۇ :

— بۇرادەر ، بىز يەنە قايسى كۈنى ئۇچرىشىمىز ؟

— بىلمىگەن بولساڭ بىلىۋال ، — دەپتۇ يەنە بىر تۈلكە ، —

يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن شەھەردىكى تېرە دۇكىنىدا ئۇچرىشىمىز .

## ھەقىقەتنىڭ تارازىسى

بىر ئەقىللىق ئادەمدىن ئۇنى تونۇيدىغان بىراۋ سوراپتۇ :
— دۇنيادا نېمىنىڭ سالمىقى ئېغىر ؟
— ھەق سۆزنىڭ ، — دەپتۇ ئەقىللىق ئادەم .
— ئۇنى ئۆلچەيدىغان تارازا نەدە ؟ — دەپ داۋاملىق سوراپتۇ ھېلىقى كىشى .
ئەقىللىق كىشى جاۋاب بېرىپتۇ :
— كۆكرىكىڭىزدە !

## بىكاردىن سەكسەن خالتا دېمەپتىكەن

بىر كىشى بازاردىكى دورىپۇرۇشتىن دورا ئاپتىكەن ، بىر تەڭگىگە ئىككى چىمدىملا دورا يۆگەپ بېرىپتۇ .
— بىر تەڭگىگە كەلگىنى مۇشۇما ؟ — دەپتۇ ئۇ كىشى ھەيران بولۇپ ، — نېمانچە قىممەت بۇ !
— بالام ، دورا دېگەن قانچە ئاز بولسا شۇنچە شىپا قىلىدىغان نەرسە ، مەن تېخى سىزگە جىق بەردىم ، — دەپتۇ قېرى دورىپۇرۇش .
— مۇنداق دېسىلە ، — دورىنى مۇشۇنداق چىمدىپ بېرىپ ئاۋۇنقاچقا ، خالتىڭىز سەكسەنگە يېتىپتىكەن ـ دە ! — دەپتۇ ئۇ كىشى .

## قايسىنىڭغا تۇرىسىلەر

ئىككى سودىگەر بازاردا سوقۇشۇپ قېلىپ ، كاللا ـ موللاق

بولۇپ كېتىپتۇ . باشقىلار ئاجراتقانسېرى ئەدىشىپتۇ ، شۇ چاغدا توپ ئىچىدە تۇرغان بىر قىزىقچى ئادەم ۋارقىراپتۇ :

— خالايىق ، قېنى قايسىنىڭغا دو تىكىسىلەر ؟ قارا تۇماقىمۇ ياكى بۆكچانغىمۇ ؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ، دو تىكىشىپ ئويناپدىغان ئىت تالاشتۇرۇشمىدى ؟ — دەپ سوراپتۇ قىزىقچىنىڭ گېپىدىن ھەيران بولغان كىشىلەر . ھېلىقى قىزىقچى دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ :

— بۇلار ئىت بولمىسا ، ئاجراتقانسېرى تالىشىپ كېتەتتىمۇ ؟

## ئېچىق بېشىدا ئېشەك بار دەپ ئاڭلاپ

بىر ئادەم ئېچىق بېشىدا ياشانغان بىر كىشى بىلەن سۇ تالىشىپ يولسىزلىق قىلىپتۇ . بوۋاي :

— بالام ، مەن ياشىنىپ قالغان ئادەم ، سەن بولساڭ ياش ، ئۇنداق قىلما ، سۇنى مەن باشتا ئېچىۋالاي ، — دەپتىكەن ، ھېلىقى ئادەم بىشەملىك قىلىپ :

— كىم سېنى ساقلىغىنى بىر باغ بېدىدەك چاڭگىلاشتۇرۇپ سۇ ئاچقىلى چىق دېدى ، ئۆيۈڭدە ياشراق بىرەرى يوقمىدى ؟ — دەپ بوۋايغا يول قويماپتۇ .

— ياشلاردىنمۇ بار ئىدى ، — دەپتۇ بوۋاي ئالدىرىماستىن ، — بىراق ئېچىق بېشىدا ئاچ قالغان ئېشەك بار دەپ ئاڭلاپ ، بۇ بېدىنى ئالايتەن ئۆزۈم ئەكېلىۋىدىم .

## مۈرۈككىمۇ بېقىڭلار

ئۆرۈك پىششىقىدا بىرنەچچەيلەن بىر توپ ئۆرۈكى بار ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە ئىككى كۈندىلا بىر كېلىدىكەن ـ دە :

— ئاغىنە ، ئۆرۈك ـ مۈرۈكۈڭدىن يېمەيلىمۇ ؟ دەپ شاخنى سىيرىپ كېتىدىكەن . ھېلىقى ئادەم ئاخىر ئىچىدە «خەپ» دەپتۇ .

ئىككى كۈن ئۆتمەيلا ھېلىقىلار يەنە كىرىپ كەپتۇ - دە :
— ئاغىنە ئۆرۈك - مۈرۈكۈڭ تۈگەپ كەتمىگەندۇ ؟ — دەپ چاقچاق قىپتۇ .
— ۋاي تۈگـەمـدىـغان ، قېنى ئۆيگە كىرىڭلار ، — دەپتۇ ساھىبخانا مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ ، ئاندىن بىر لېگەن ئۆرۈكنىڭ يوپۇرمىقىنى ئەكىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ ، يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ .
— بۇ نېمە گەپ ئاغىنە ؟ — دەپتۇ مېھمانلاردىن بىرى تاتىرىپ .
— ئۆزۈڭلار دائىم كەلگەندە ئۆرۈك - مۈرۈكتىن يېمەيلىمۇ دەيسىلەر ، نەچچە ۋاقتىن بېرى ئۆرۈكتىن يېدىڭلار ، ئەمدى مۈرۈككىمۇ ئېغىز تېگىپ بېقىڭلار !

## غاجىغۇدەك گۆش نەدە

بىر بوۋاي قاسساپتىن ئۇستىخان ئېلىۋاتقاندا بىر ئاغىنىسى كېلىپ چاقچاق قىلدى :
— ياسىن ئاخۇن ، ئېغىزلىرىدا بىر تال چىشنىڭ تايىنى يوق ، ئۇستىخان ئېلىۋاپلا ، قانداق غاجايلا ؟
بوۋاي شۇئان :
— بۇ قاسساپلار ئۇستىخاندا غاجىغۇدەك گۆش قويامدۇ ، ھەممىسىنى قىرىۋالىدۇ ، بۇنىڭغا چىشنىڭ ھاجىتى يوق ، قاينىتىپ يالاپ تاشلىۋېتىمىز دېسىلە ، — دېدى .

## دوختۇرنىڭ دىئاگنوزى

بىر بىمار دوختۇرغا ئۆزىنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى كىچىك تەرىتى كەلمەي قىينالغانلىقىنى ئېيتتى .
— بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردىڭىز ؟ — دەپ سورىدى دوختۇر

بىماردىن . بىمار :
— سەكسەن ئىككى ياشقا — دەپ جاۋاب بەردى . دوختۇر تەمكىنلىك بىلەن :
— غەم قىلماڭ ، سەكسەن ئىككى ياشقا كەلگەن ئادەمدە سۈيدۈك نېمە قىلسۇن ، سىزدە سۈيدۈك توگەپتۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى .

## تامنى تۇتۇپ تۇرسىڭىز

بىنا ئۆيدە تۇرىدىغان بىر مەست قۇلۇپ تۆشۈكىگە ئاچقۇچنى سالالماي تۇرغىنىدا ، يۇقىرى قەۋەتتىكى قوشنىسى چۈشۈپ ، ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ :
— ئاچقۇچنى ئەكېلىڭ ، ئىشىكنى مەن ئېچىپ بېرەي ، — دېدى .
— يوقسۇ ، — دېدى ھېلىقى مەست دەلدەڭشىپ ، — ئەگەر بەك ياردەم قىلغۇڭىز كېلىپ كەتسە ، مۇنۇ تامنى تۇتۇپ تۇرۇڭ ، كاساپەت بەك مىدىرلاپ كېتىۋاتامدۇ ، نېمە ؟

## مېدالنى قانداق ئالدىڭىز

— بۇ مېدالنى قانداق ئالدىڭىز ؟ — دەپ سوراپتۇ بىرى مېدال ئېرىشۋالغان كىشىدىن . مېدال ئېرىشۋالغان كىشى مەيدىسىگە قاراپ قويۇپ ، جاۋاب بېرىپتۇ :
— باشلىقنىڭ ئوتنى قالاپ ، سۇيىنى توشۇپ .

## مەستنىڭ خۇيى

بىر ئايال قوشنىسىغا دەردىنى ئېيتىپتۇ :
— بىزنىڭ ئادەمنى قويسىلا ، جىقراق ئىچىۋالغان كۈنى ئۆيدە ئالەمنى ـ مالەم قىلىدۇ .

— ۋيەي ، ئەمىسە ئازراق ئىچ دېسلە بولامدۇ ؟ — دەپتۇ قوشنا ئايال ئەقىل ئۆگىتىپ . دەردمەن ئايال بېشىنى ھەسرەتلىك چايقاپ دەپتۇ :
— ئۇ مەستىنىڭ خۇيىنى بىلمەيدىلا ، قانغۇچە ئىچەلمىگەن كۈنلىرى باللار بىلەن ماڭا كۈن يوق دېسلە !

## غەلىتە سوئال

قەھرىتان قىشتا بىر موماي نەۋرىسىگە بۇيرۇدى :
— ھەي بالام ، ئىشىكنى ئوچۇق قويدۇڭغۇ ، ھىم يېپىۋەت ، تالا بەك سوغۇقكەن .
— موما ، — دېدى بالا ئەجەبلىنىپ ، — ئىشىكنى يېپىۋەتمىسەم ، تالا ئىسسىپ كېتەمدۇ ؟

## جېدەل چىقىدۇ

نەسىرىدىن ئەپەندى كىچىك ۋاقتىدا خەلپەتتە ئوقۇۋاتقاندا ، ھېساب دەرسىدە بەك قىينىلاتتى . بىر قېتىم خەلپەت ئۇنىڭدىن سورىدى :
— نەسىرىدىن ، قىرىق بەشتىن ئون يەتتىنى ئالسا قانچىسى قالىدۇ ؟
نەسىرىدىن جاۋاب بېرەلمىدى . خەلپەت چۈشەندۈردى :
— ماڭا قارا ، مىسالەن ، داداڭ ئاپاڭغا قىرىق بەش تەڭگە بېرىپ ، ئەتىسى ئون يەتتە تەڭگىنى ئېلىۋالىمەن دېسە ، ئاخىرىدا نېمە چىقىدۇ ؟ نەسىرىدىن دەرھال جاۋاب بەردى :
— بۇ ئېنىققۇ ، قىپقىزىل جېدەل چىقىدۇ .

## چۈشىنگىمۇ ئازار بەرمىگىن

بىر كىشى كىچىككىنە ئوغلىغا تەربىيە قىلمۇېتىپ ، سۆز

ئاربلىقىدا :
— شۇنداق رەھىمدىل بولغىنىكى ، چۈشىنگىمۇ ئازار بەرمىگىن ، — دېدى .
— مۇبادا چۈشىن ھە دېسە گىزىلداپ چىقىپ ، زادىلا ئارام بەرمىسىچۇ ؟
ھېلىقى كىشى ئەتراپىغا بىر نەزەر تاشلىۋېتىپ ، پەس ئاۋازدا ئېيتتى :
— ئەخمەق ، قولۇڭدا پالاق يوقمىدى ؟

## كۈتۈلمىگەن جاۋاب

ئۆزىنىڭ چوقۇر خوتۇنىنى باشقىلارنىڭ ماختاپ قويۇشىنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن بىر كىشى خوتۇنىنىڭ مەھەللىسىدىن يېقىندا بىر ئايالغا ئۆيلەنگەن كىشىدىن سورىدى :
— ئارا مەھەللىلىك دېگەن قانداق بولىدىكەن ؟
ئۇ كىشى ئالغان ئايالىنىڭ چىرايى قارا بولغاچقا :
— قانداق بولاتتى ، بەزىلىرى قارا ، بەزىلىرى مۇدۇر - چوقۇر بولىدىكەن ، — دەپ جاۋاب بەردى .

## يىگىتنىڭ سۆزى بۇ ئەمەس

قىرغىن مەزگىلىدە بىر يىگىت جەڭگە ئاتلىنىشقا راسلىنىۋېتىپ :
ئەي ئاتا ، مىسالەن ، دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسام ، ئۆزۈمنى قانداق قۇتۇلدۇرۇشۇم كېرەك ، — دەپ سوراپتۇ .
شۇ چاغدا ئاتا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ :
— بىر ئىشنى ئالدىن ئويلىغىنىڭ ياخشى ، بىراق ئەڭ ياخشىسى بۇ ناباب پىكىرنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت ، ئەر - يىگىتنىڭ ۋەزىپىسى ياۋنى جەزمەن يېڭىش ، ئەسىرگە چۈشۈش ئەمەس ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

## شېئىرنىڭ شىپالىق رولى

بىر دوختۇر بىر شائىردىن سورىدى :

— شېئىر بىلەن ئادەم داۋالىغىلى بولىدۇ ، دېگۈدەكسىز . بۇنىڭغا ئىسپاتىڭىز نېمە ؟

شائىر جاۋاب بېرىپتۇ :

— شائىرلار ھېسسىياتقا باي كېلىدۇ ، مۇبادا ئۇلار ئۆز ھېسسىياتلىرىنى يازغان شېئىرلىرى بىلەن باسمىغان بولسا ، روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى شائىرلار بىلەن توشۇپ كەتكەن بولاتتى .

## ئەيىب

بىر چىشى تۆگە يەنە بىر تۆگىگە دەردىنى ئېيتىپتۇ :

— بىردىنبىر ئەتىۋارلىق قىزىم مېيىپ تۇغۇلۇپ قالدى قاراڭ !

— شۇنداقمۇ ، نېمە ئەيىبى بار ؟

— لوكىسىز ، شۇنداق سەت تۇغۇلۇپ قالدى ئەمەسمۇ ، — دەپتۇ چىشى تۆگە ھەسرەت بىلەن .

## تەڭگە يېگۈزۈۋەرگىن

بىر ئايال كىچىككىنە بالىسىنىڭ بىر يارماق تەڭگىنى ئاغزىغا سېلىپ ئويناۋېتىپ ، توساتتىن يۇتۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە ، ئاللا - كاللا سېلىپ بالىنىڭ بېشىنى تۆۋەن ، پۇتىنى يۇقىرى قىلىپ ، دۈمبىسىگە ۋاقىلدىتىپ ئۇرۇۋېرىپتۇ . دېگەندەك بىرھازادىن كېيىن بالا بىر ئەمەس ، ئىككى تەڭگىنى قۇسۇپ چىقىرىپتۇ . بۇنى كۆرگەن ئايالى چۇقان سېلىپتۇ :

— ۋاي دادىسى ، تېز مەيەرگە كەلسىلە ، بۇ بالا بىر تەڭگە يۇتۇۋېتىپ ئىككى تەڭگىنى قۇستى .

بالىنىڭ دادىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، ھاياجانلانغانلىقىدىن ۋارقىۋېتىپتۇ :

— ئەمىسە ئېمىگە قاراپ تۇرسەن ، دۈمبىسىگە توختىماي ئۇرىۋەرگىن ھەم بىر چەتتىن تەڭگە يىگۈزىۋەرگىن !

## ئىت تالاشتۇرغۇچە

مەھەللە يىگىتلىرىدىن ئىككىسى يوقىلاڭ گەپلەرنى تالىشىپ ، ئاخىر مۇشتلىشىپ ئۇستىبېشى قان بولۇپ كېتىپتۇ . بۇنى كۆرگەن بىر مويسىپىت دەپتۇ :

— قارىسام مەھەللىدىكى ئۇششاق باللار ئىت تالاشتۇرىمىز دەپ چېپىپ‑شىپلا يۈرىدۇ ، ئەسلىدە سىلەرنى تالاشتۇرۇپ كۆڭۈللىرنى ئاچقىنى ياخشىكەن .

## جاپا تارتقۇزۇش

بىر يولسىز باشلىق قول ئاستىدىكى بىر چېچەن يىگىتتىن سوراپتۇ :

— ھەدېسە تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ ، رەھبەرلىكنى جاپادا قويىدىغانلارنى قانداق قىلىش كېرەك ؟

— ئۇلارنىمۇ باشلىق قىلىپ ، جاپانىڭ تەمىنى بىر تېتىتقۇزۇش كېرەك ، — دەپتۇ چېچەن يىگىت ھايالشىماي .

## ياخشى

بىر خەسىس كىشى قوشنىسىنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ ـ دە ، كەتمەننى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، ئۆزى بىر چەتتە ئولتۇرۇپ

چاي ئىچكىنىچە قوشنىسىنىڭ يەر ئاغدۇرۇشىنى «ياخشى ، ياخشى» دەپ ماختاپ ئولتۇرۇپتۇ . بىر چاغدا ئىشتىن بەزگەن قوشنا كەتمەننى تاشلاپ ، خەسىسنىڭ قېشىغا كېلىپ پىيالىنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە :

— قوشنام ، مەنلا ياخشى بولۇپ كەتمەي ، ئەمدى سىلىمۇ بىردەم ياخشى بولۇپ باقسىلا ! — دەپتۇ .

## تاماقتا تەكلىپ

بىر كىشى ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپتۇ . ئاش تارتىلغاندا چاقىرىلمىغان بىر مېھمان سالامسىز كىرىپ ، تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇپ ھەممە لېگەنگە قول سېلىپ ، تاماقنى قورۇتقىلى تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ ئەدەپسىزلىكىگە ئاچچىقى كەلگەن ساھىبخانا چاندۇرماي كۆپچىلىككە :

— قېنى ، تاماق يېيىش مۇسابىقىسى باشلاندى ، كۆپچىلىك تەڭ ئاتلىنايلى ! — دەپتۇ .

## مېكىياننىڭ چىللىشى

ئۆيدە دائىم ئايالىدىن دەشنام يەيدىغان بىر ئادەم مەھەللە دوقمۇشىدا بىر چاقچاقچىنىڭ ئاغزىنى ئاتىلىدى :

— گەپچى تەقسىرىم ، سىلى خوراز جىمىپ قېلىپ ، مېكىيان چىللىغاننى كۆرگەنمۇ ؟

— مەنغۇ كۆرمىگەن ، — دەپتۇ چاقچاقچى دەرھال ، — ئەمما سىلى شۇ تاپتا ئۆيلىرىگە قايتىپ بارسىلا كۆرىدىلا .

## بۈگۈن چىقتى

بىر توپ كىشى بىر دېھقاننىڭ قوغۇنلۇقىغا كىرىپ ،

تەكلىپىنىمۇ كۆتمەستىن ، قوغۇن - تاۋۇزنى خالىغانچە ئۈزۈشۈپ يېيىشكە باشلاپتۇ . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سالاپەتلىكرەك بىرى نائىلاج چەتتە قاراپ تۇرغان دېھقانغا قاراپ ، قوغۇن يېگەچ پاراڭ قىپتۇ :

— ئاكا ، قوغۇنلىرى بۇ يىل بەك ئوخشاپتۇ جۇمۇ ، دېگەنىبىلەن ئەمگەكچان قوللىرىنىڭ خاسىيىتىدە شۇمبۇيا چىقماپتۇ .

— راست دەيدىلا ، — دەپتۇ دېھقان ، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى چىقمىۋىدى ئۇ شۇمبۇيا ، مانا بۈگۈن بىراقلا چىقتى .

## ئانا بىلەن قىز

ئانىسىنىڭ بېشىنى تاراپ قويۇۋاتقان قىزى بىردىنلا چۆچۈپ دەپتۇ :

— ۋىيەي ئاپا ، چېچىڭىزغا ئاق سانجىپ كېتىپتۇ !

— ھەممىسى سېنىڭ خاپىچىلىقىڭدىن ، گەپ ئاڭلىمايسەن ئەمەسمۇ ، — دەپتۇ ئانا ئۇھ تارتىپ .

شۇ چاغدا قىز ئىككىلەنمەيلا :

— موماممۇ بىر چاغلاردا سىزنىڭ ئۇستىڭىزدىن شۇنداق دەپ قاقشاپ يۈرىدىغان ، — دەپتۇ .

## باھانە

مەھەللە ئىمامى بىر كەسپىي قىمارۋازنى كوچىدا ئۇچرىتىپ قېلىپ ، ئۇنىڭغا پەند - نەسىھەت قىلىپتۇ :

— قىماردىن قول تارت ، ئوغلۇم ، دىنىدا پۇل ئۇتۇش گۇناھ سانىلىدۇ .

— خاتىرجەم بولسىلا تەقسىر ، — دەپتۇ قىمارۋاز ئىككىلەنمەيلا ، — مەن ھەر دائىم پۇل ئۇتتۇرۇپ ئوينايمەن .

## كىيىم ئالماشتۇرۇش

ياسانچۇق بىر قىزچاق ئاپىسىغا ھەدەپ كىيىمىنىڭ جىېدىلىنى قىپتۇ .

— ئىككى ساندۇق كىيىمىڭ بار ، شۇلار يەتمەمدۇ ؟ — دەپتۇ ئانىسى كايىپ . قىز باھانە كۆرسىتىپتۇ :

— ئاپا ، ئۇ كىيىملىرىمنىڭ ھەممىسىنى دوستلىرىم كۆرۈپ بولدى ، ئالماشتۇرمىسام بولمايدۇ .

— مۇنداق بولسۇن ، — دەپتۇ چىچەن ئانا شۇ چاغدا ، — مېنىڭچە ، سەن كىيىملەرنى ئەمەس ، دوستلىرىڭنى ئالماشتۇر .

## ئايلىنىش

بىراۋ بىر بىلەرمەننىڭ توختىماي قىلىۋاتقان گېپىنى يېرىپ سورىدى :

— ئېيتىڭا ، يەر شارى قۇياشنى ئايلىنىپ چۆرگىلەيدۇ ، دېگىنى راست گەپمۇ ؟

— ئەلۋەتتە راست ، — دەپتۇ بىلەرمەن .

— ئەمىسە كېچىسى قانداق قىلىدۇ ؟

بىلەرمەن بىردەم تۇرۇۋېلىپ ، ئاندىن سۆز قايتۇرۇپتۇ :

— تازىمۇ دۆت ئىكەنسىز ، ئاينى ئايلىنىپ چۆرگىلىمەمدۇ ؟

## ئۈچ بالا

ئۈچ كىچىك بالا چىمەنلىكتە ئويناۋېتىپ ئۆز دادىلىرى بىلەن ماختاندى .

— مېنىڭ دادام ئاخشام تېلېۋىزور ئەكەلدىغۇ ، تازا ! — دېدى بىرىنچىسى .

— مېنىڭ دادام ئاخشام ماڭا سۈرەتلىك كىتاب ئەكېلىپ

بەردىغۇ ، تازا ! — دېدى ئىككىنچىسى .
ئۈچىنچى بالا بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ دېدى :
— مېنىڭ دادام ئاخشام مەست بولۇپ كەلدىغۇ ، تازا !

## خىزمەتكە يارىشا

كىشىلەر كىچىك بىر ئەمەلداردىن تەئەددى بىلەن سوراشتى :
— ھاكىمنى كۆرگەندە نېمانچە بېشىڭنى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ ، سالام قىلىسەن؟ ئۆز يولىدا بولغىنى ياخشى ئەمەسمۇ !
خۇشامەتگۈي ئەمەلدار ھېيىقماستىن جاۋاب بەردى :
— ئاشۇرۇۋەتكەن قىسمىغىمۇ ھەق ئالىمەن - دە !

## ئىمتىھان ئالدىدا

دەرسلەردە ناچار ، ئۆزىگە تازا ئىشەنچى يوق بىر ئوقۇغۇچى ئىمتىھان ئالدىدا ئوقۇتقۇچىسىغا خۇشامەت قىلىپ :
— مۇئەللىم ، ھەرقانداق سورۇندا ياخشى گېپىڭىزنى قىلىمەن ، ئىمتىھانلاردا پېقىرغا قاراپ قويارسىز ، — دەپتۇ .
— ئەلۋەتتە ، — دەپتۇ مۇئەللىم جىددىي تەرزدە ، — سىزگىلا ئەمەس ، كىم بەكرەك كۆچۈرۈشكە تەمشەلسە ، شۇنىڭغا بەكرەك قارايمەن .

## ئىچىمدە گەپ ياتسا…

بىر ئەر ئېغىر ئاياغ خوتۇنىغا كايىدى :
— ئەستاغپۇرۇللا ، مۇشۇ ۋاتىلدايدىغان يامان ئادىتىڭنى قاچانمۇ تۈگىتەرسەن ، ئىچىڭدە زادىلا گەپ ياتمايدۇغۇ سېنىڭ ؟
ئايالمۇ بوش كەلمەپتۇ :
— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ، دادىسى ، ئىچىمدە گەپ ياتسا ، بالا نەدە ياتىدۇ ؟

## ئۆخلىغاندا...

بىر ياش ئانا ئوغلىدىن سوراپتۇ :
— بالام ، تۇغۇلغان كۈنۈڭدە نېمە ئېلىپ بېرەي .
— دۇمباق ، — دەپتۇ بالا دەررۇ . ئانا ئۇنىماي دەپتۇ :
— بېشىمنىڭ ئاغرىيدىغانلىقىنى بىلىسەن . دۇمباقنى تاراڭشىتىپ ، تېخىمۇ ئاغرىتاي دەمسەن ؟
— ياق ئاپا ، مەن دۇمباقنى سىز ئۇخلاپ قالغاندا چالىمەن ، — دەپتۇ ئوغلى خاتىرجەم هالدا .

## مىڭ يىل ياشىيالىسا

بىر شائىرچاق ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ :
— مېنىڭ شېئىرلىرىمنى سىلەر چۈشەنمىگەن بولساڭلار كېرەك يوق ، مىڭ يىلدىن كېيىنكى ئادەملەر ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ ، — دەپتىكەن ، بىر كىشى ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ :
— توغرا ، لېكىن شۇ شېئىرلىرىڭ مىڭ يىل ياشىيالىسا...

## زامانىۋى لەتىپە

بىر كىشى يىراق سەھرادىن شەهەرگە يۆتكىلىپ كىرىپ ، خوتۇنىغا يېڭى خىزمەت ئورنىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بېرىپ ، تېلېفوننى قانداق ئۇرۇشنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ . بىراق خوتۇنى زادىلا تېلېفون ئۇرماپتۇ . ئىككى ئايدىن كېيىن هېلىقى كىشى سەهرادىكى ئۆيىگە قايتقىنىدا خوتۇنىدىن نېمىشقا تېلېفون ئۇرمىغانلىقىنى سوراپتۇ .
— نېمىشقا تېلېفون ئۇراتتىم ، سەن ۋاپاسىزغا ؟ — دەپتۇ

خوتۇنى يىغلاپ ، — نەچچە قېتىم تېلېفون ئۇرسام ، يېڭى ئالغان خوتۇنۇڭ «خاتا ئۇرۇپ قويۇپسىز» دەپلا قويۇۋەتتى .

## تاماق بۇيرۇتۇش

بىر يولۋاس بىلەن بىر توشقان جاڭگال رېستورانىغا كىرىپ ئولتۇردى . كۈتكۈچى كېلىپ توشقاندىن سورىدى :
— ئەپەندى ، نېمە بۇيرۇيسىلەر ؟
— ماڭا ئۈچ تۇپ سەۋزە ، يەنە بىر ئىستاكان بۇلاق سۈيى كەلتۈرۈڭ ، — دېدى توشقان .
— ھەمراھىڭىزغىچۇ ؟ — دېدى كۈتكۈچى ، — ئۇنىڭ قورسىقى توق ، — دېدى توشقان جاۋابەن ، — مۇبادا ئاچ بولسا ، مەن بۇ يەردە سىزگە غىزا بۇيرۇتالايتتىممۇ ؟

## ماجىرا

بىر كىشى قوشنىسىنى مۇبارەكلەپتۇ :
— مۇبارەك بولسۇن ، ئەر - خوتۇن بىر چىرايلىق ئەپلىشىپ قاپسىلەر ، ئاخشام قارىسام ئوتۇن يېرىۋېتىپسىلەركەن ، — نەدىكىنى ، — دەپتۇ قوشنىسى خورسىنىپ ، — سىز كۆرگەندە بىز ئۆي جابدۇقلىرىنى بۆلۈشۈۋاتاتتۇق .

## ئاكا - ئۇكا

ئاكىسى سىرتتا نەشىنى بولۇشىچە چەككەندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپتۇ ، بۇ چاغدا ئىنىسىمۇ نەشىنى خۇمارى چىققۇدەك چېكىپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ تۇرغانىكەن .
— ئۇكا ، ئاغىنىلىرىڭگە دە ، بىر چەتتىرەك تۇرسۇن ، مەن ئۆتۈۋالاي ، — دەپتۇ ئاكىسى .

— ماقۇل ئاكا ، — دەپتۇ ئىنىسى ، — بىراق ئاغىنىلىرىڭگە ئېيتقىن ، دەرۋازا تار ، بىردىن ـ بىردىن كىرسۇن !

## ئورۇن ئالماشتۇرايلى

بىر تالىپ سەھراغا چىقىپ ، ئۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن ھاياجانلىنىپ ئۆزىچە نەزمە ئوقۇغىلى باشلاپتۇ . بۇ چاغدا كەتمەن كۆتۈرگەن ، ھارغىن دېھقان ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ .

— سىز نېمىدېگەن بەختلىك ، — دەپتۇ تالىپ دېھقانغا ، — مۇشۇنداق گۈزەل جايدا ئۆمۈرۋايەت ياشايسىز ـ ھە ؟

— ئۇنداق بولسا ، — دەپتۇ دېھقان ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ ، — مۇشۇ بەختنى سىزگە ئۆتۈنەي ، ئىككىمىز ئورنىمىزنى ئالماشتۇرمايلىمۇ ؟

## گۇناھ

قازى بىر ئادەمنى يوقىلاڭ ئىشقا تۇتۇپ كېلىپ ، سوراق قىپتۇ :

— نېمە گۇناھ قىلدىڭ ؟

— باي قوشنام بىلەن جاڭجاللاشتىم .

— يەنچۇ ؟

— يادىمدا يوق .

— ياخشى ئويلا ، — قازى دوق قىپتۇ .

— ھە ، يادىمغا كەلدى ، دەپتۇ ھېلىقى ئادەم ، — مەھەللىمىزدىكى كۆپچىلىك ، پارىخور قازىنىڭ ئۇستىدىن ئامبالغا ئەرز قىلايلى دېگەندە ، «بولدى قويۇڭلار» دەپ ئۇلارنى توسقانىدىم .

## تەۋەككۇلچى

بىر بېخىل ئادەم ئۆزىچە ئۇلپىتىنى كولدۇرلاتماقچى بولۇپ :
— بىلەمسىز ، تەۋەككۇلچى دېگەن قانداق بولىدۇ ؟ — دەپ سورىغانىكەن ، ئۇ كىشى تەخىرسىز جاۋاب بېرىپتۇ :
— قورقماستىن سىزدىن پۇل قەرز سورىغان كىشى !

## راست گەپ

كۈنى غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدىغان ، كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە يۇزلۇك بىر دېھقان كېلىپ قالغانىكەن ، ئۆي ئىگىسى ئەتىۋارلىق بىساتىدىن بىرنى سېتىپ ، پۇلىغا مېھماننى مول ناز ـ نېمەت بىلەن كۈتۈۋاپتۇ . تاماقتىن كېيىن مېھمان شادلىنىپ رەھمەت ئوقۇپتۇ :
— كۆپ تەشەككۇر ، ئۆمرۈمدە بۇنچىلىك ئىسسىق ۋە كۆپ غىزا يېمىگەنىدىم .
— بىزمۇ شۇنداق ، — دەپ جاۋاب ياندۇرۇپتۇ ، ساھىبخانىنىڭ كىچىككىنە سادىدا بالىسى .

## قايسى يېقىن بولسا

بىر ساقچى كوچىدا يېتىپ قالغان مەستنى سىلكىشلەپ ئويغىتىپ :
— ئۆيۈڭگە كېتەمسەن ياكى مەن بىلەن ساقچىخانىغا بارامسەن ؟ — دەپ سورىدى .
— قايسىسى يېقىن بولسا شۇنىڭغا كېتەيلى ، — دېدى مەست .

## تىككۈچى ۋە سۆككۈچى

بىر كىشى ئوغلىنى تىككۈچىگە شاگىرتلىققا بېرىپ ، ئارىدا

بىرنەچچە قېتىم يوقلاپ كەلسە، ئوغلى تىكىلگەن كىيىملەرنى سۆكۈپىلا ئولتۇرغۇدەك. ئەسلىدە بالىنىڭ ئۇستىسى نائۇستا بولۇپ، ھە دېسىلا كىيىملەرنى خاتا تىكىپ، شاگىرتىغا سۆككۈزىدىكەن.

يەنە بىر قېتىمدا يەنە شۇ ھالنىڭ ئۇستىگە چۈشكەن ئاتا چىدىماي:

— بالام، مەن سېنى تىككۈچىگە شاگىرتلىققا بەردىم دەپ، سۆككۈچىگە تۇتۇپ بېرىپتىمەن. يۈر، باشقا ئۇستىنىڭ قېشىغا بارايلى، — دەپ ئوغلىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

## ماركا ئىسمى

ئېلان مودا بولۇۋاتقان كۈنلەردە بىراۋ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ھازىر ھەممىلا يېڭى مالغا ئاياللارنىڭ ئىسمىنى سودا ماركىسى قىلىدىغان بولۇپ كەتتى، ئاياللارنىڭ ئىسمى تۈگەپ كەتسە، قانداق قىلار؟

— ئۇ چاغدا، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئايال مىجەز ئەرلەرنى ئويلىشىدۇ.

## ئۆزلىرى بىلىدۇ

تولا گەپ قىلىدىغان بىر ئادەم بىر قىزنىقچى بىلەن سەپەردە بىللە كېتىۋېتىپ، تولا گەپ سوراپ ئۇنى زېرىكتۈرۈۋېتىپتۇ.

— ئاغىنە، بۇ يوللار ھەر تەرەپكە سوزۇلۇپ كېتىپتۇ، قايسىسىنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ بىر چاغدا. زېرىكىپ تۇرغان قىزنىقچى دەپتۇ:

— بەزىلىرىنى بىلىمەن، بەزىلىرى بارىدىغان يېرىنى ئۆزلىرى بىلىدۇ.

## توخۇ ئىزدەش

بىراۋ تۈن نىسپىدە كەيپىلىكتىن يېشىلەلمەي كوچا كېزىپ

يۈرسە ، كېچىدە چارلاشقا چىققانلار يولىنى توسۇپ :
توخۇ چىللاي دېگەندە ئۆيۈگدە ياتماي ، نېمىدەپ تالادا يۈرسەن ؟ — دەپتۇ . مەست دەرھال ئەقىل تېپىپ :
— شۇ توخۇ مېنىڭكى ئىدى ، كاتەكتىن قاچۇرۇپ قويۇپ ، ئىزدەپ يۈرىمەن ، كۆرگىنىڭلار بارمۇ ؟ — دەپتۇ .

## چېچەن دەۋاگەر

بىر قازى دەۋاغا ھۆكۈم چىقىرىشتا ھە دېسىلا خوتۇنىنىڭ گېپى بويىچە ئىش قىلىدىكەن .
بىر دەۋادا ئۇ قازى يەنە ھۆكۈم چىقىرىش ئالدىدا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغانىكەن ، ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان دەۋاگەر ئورنىدىن تۇرغاچ سوراپتۇ :
— تەقسىر ، غاچچىدە چىقىپ خوتۇنلىرىنى چاقىرىپ كىرەيمۇ ؟

## قاچان ماڭىمىز

بىراۋنىڭ خوتۇنى ئۆيىدىكى مال - بىساتلارنى ئانىسىنىڭكىگە توشۇپ تۈگىتىۋېتىپ ، بىر كۈنى يەنە نېمە ئاپىرىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قېلىپ ، خىيال ئارىسىدا ئېرىگە تىكىلىپ قاراپتىكەن ، پەملىنىپ تۇرغان ئېرى ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ :
— مەن تەييار ، ھازىر ماڭىمىزمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

## ئېشەك ھەققىدە قوشاق

خۇيى يامان ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىنى دوراپ ، ئېشەكنىڭ ئالدى - كەينىگە ئۆتىۋەرگەن بىر شەپشەكنى بىر چاغدا ئېشەك تاراسلا قىلىپ تېپىۋېتىپتۇ . بۇنى كۆرۈپ تۇرغان بىراۋ قوشاق كەلتۈرۈپتۇ :

دورىۋىدىڭ ئېشەكنى ،
يېدىڭ قاتتىق تېپەكنى .

ئېگىكى ئىششىپ چىققان شەپشەكمۇ جان ئاچچىقىدا قوشاقنى باشقىچە ئوقۇپتۇ :

خالاپ يېدىم تېپەكنى ،
دوراپ ساراڭ ئېشەكنى .

## قارا ئىشلەپچىقىرىش

باشقىلارغا قارا چاپلاپلا يۈرىدىغان بىر مەھەللە ئاكتىپى بىر كۈنى هويلىسىدا كۆمۈرنىڭ ئۇششىقىنى تاسقاۋاتسا ، تالادا بىرى چاقىرىپتۇ . ئۇ مەڭزىدىكى قارىنى سۈرتمەيلا سىرتقا چىققانىكەن ، كوچىدا تۇرغان قىزىقچى قوشنىسى دەرھال چاقچاق كەلتۈرۈپتۇ :
— بەللى ئاداش ، نېماداق خەققە چاپلايدىغان قاراڭلار تۈگىمەيدىكىن دېسەم ، ئەسلىدە ئۆلارنى ئۆيۈڭلاردا ئىشلەپچىقىرىدىكەنسىلەر ئەمەسمۇ !

## سەۋەب

سەپەردە كېتىۋاتقان ئىككى بۇرادەردىن بىرى زېرىكىپ يېنىدىكىسىگە :
— يولنى قىسقارتساقچۇ ، سەن پاراڭ باشلامسەن ياكى مەن باشلايمۇ ؟ — دەپتىكەن ، ئاغىنىسى :
— هازىر مەن باشلاي ، كەچتە قونالغۇغا يېتىپ بارغاندا سەن باشلا ، — دەپتۇ بۇرادىرى هەيران بولۇپ ، — نېمىشقا ؟
— سەۋەب شۇكى ، — دەپتۇ ئاغىنىسى ، — سەن دائىم پاراڭ

قىلساڭلا مېنىڭ ئۆيقۇم كېلىدۇ .

## توغرا جاۋاب

قىممەتچى ۋە تارازا ئوغرىسى بىر سودىگەر دۇكىنىدىكى ماللىرىنىڭ جىقلىقى ۋە رەڭگارەڭلىكىدىن پەخىرلىنىپ ، قوشنا دۇكاندارنى سوراپتۇ :

— بۇرادەر ، راسا سەپسېلىپ قاراڭا ، مېنىڭ دۇكىنىمدا نېمە يوق ؟

قوشنىسىنىڭ قىلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ يۈرگەن دۇكاندار ئۇنىڭ ماللىرىغا ئەمەس ، كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ :

— ئىنساپ .

## ئىسىم ئالماشتۇرۇش

تالاغا قارايدىغان بىر ئادەم خوتۇنىغا ھالىنى ئېيتىپتۇ :

— نېمىشقىكىن ، يېقىندىن بېرى بەكمۇ ئۇنتۇغاق بولۇپ كېتىۋاتىمەن ، بايقىدىڭمىكىن ؟

— بايقاپ يۈرىمەن ، — دەپتۇ خوتۇنى پەرىشان ھالدا ، — پات ـ پاتلا مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان بوپقالدىڭىز .

## مەقسەتلىك ماختاش

بىر نا ئۇستا تەمبۇرچى باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ماختىشىنىلا تەلەپ قىلىدىكەن . بىر ئولتۇرۇشتا ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىدىغان بىراۋ مەقسەتلىك ماختاپتۇ :

— ماھارىتىڭىز خېلىلا ئۆسۈپتۇ جۇمۇڭ !

— نېمىگە شۇنداق دەيسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ تەمبۇرچى

روھلىنىپ .

— قارىسام ، دەپتۇ ھېلىقى كىشى ، — بۇگۇن تەمبۇر چالغىنىڭىزدا سورۇندىن ئالدىنقى قېتىمقىدىكىدەك نۇرغۇن ئادەم چىقىپ كەتمىدى .

## مال باھاسى

قازى دەۋاگەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن دائىم سەت گەپلەر بىلەن باشقىلارنى ھاقارەتلەيدىغان بىر ئادەمنى سوراق قىلىپ :

— قوشناڭنى ئېشەك ، دەپ تىللىغىنىڭ ئۈچۈن ئىككى يۈز تەڭگە تۆلەيسەن ، — دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ . جاۋابكار رازى بولماي دەپتۇ :

— ئۆتكەندىمۇ بۇ كىشىنى ئېشەك دەپ تىللىسام ، يۈز تەڭگە بۇيرۇغانىدىڭىزغۇ ؟

— دەرۋەقە ، — دەپتۇ قازى تەمكىنلىك بىلەن ، — بۇ يىل مال باھاسىنىڭ بىر ھەسسە ئۆسكىنىدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ ؟

## ئىسىم

ئۆتۈپ كەتكەن مۇتتەھەم ، بىراۋنى بوزەك قىلىپ ، بىرمۇنچە مېلىنى قاقتى - سوقتى قىلىۋالغاندىن كېيىن ، ئۆزىچە ماختىنىپ :

— ئاكاڭ قارىغاينىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن ؟ ئىسمىمنىڭ باش ھەرپى «ئۇلۇغ» دىكى «ئۇ» ، — دەپتۇ .

— شۇنداقمۇ — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم جاۋابەن ، — مەن تېخى «ئۇششۇق» تىكى «ئۇ» مىكىن دەپتىمەن .

## ھايۋان تىلى

بەتخۇي بىر كىشى كىشىلەر توپلاشقان سورۇندا پونى زەي

سالماي ئېتىپتۇ :

— تىل ئۆستىسمەن ، بەش - ئالتە خىل تىل بىلىمەن . ئادەملەرنىڭ تىلى تۇرماق ، ھايۋانلارنىڭ تىلىنىمۇ بىلىمەن…

— دەرۋەقە ، — دەپتۇ گەپ تىڭشاپ تۇرغانلاردىن بىرى ، — بەزىبىر قىلىقلىرىڭىزنىڭ غەلىتىرەك ئىكەنلىكى بىكار ئەمەسكەن - دە !

## چاۋاكنىڭ پايدىسى

يىغىندىن كېيىن ئىككى دوست بىللە ئۆيگە قايتىپتۇ . بىرى دوستىدىن سوراپتۇ :

— بۈگۈنكى يىغىندا چاۋاكنى ئەجەبمۇ جىق ۋە قاتتىق چېلىپ كەتتىڭ ، باشلىقنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدۇڭمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن .

— نەدىكىنى ، — دەپتۇ ئاغىنىسى پەرۋاسىزلا ، — شۇ چاۋاكىم بىلەن تېخى باشلىقنىڭ نەزىرىگە ئېلىنىپ قالغىنىمغا ئىشەنچىم كامىل .

## ئېلان

تومۇزنىڭ قاتتىق ئىسسىقىدا ، گۆشلىرىنى پۇرىتىپ قويغان بىر ئاشخانا خوجايىنى سىرتقا مۇنداق ئېلان چىقىرىپتۇ :

«پۇراش سەزگۈسى ناچار بولغان بىمارلار ئۈچۈن ، ئاشخانىمىز ئەڭ ياخشى دوختۇرخانا ، ئۇلار پەقەت ئاشخانىمىزدىن بىر ۋاخلىق تاماق يېسىلا ، ساقىيىپ كېتىدۇ .»

## قىزىق نۇقتا

بىر كىشى ئېگىز بىنانىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا ،

يۇقىرىقى قەۋەتتىن بىرى بېشىغا يوندى تۆكۈۋېتىپتۇ . ئۇ كىشى دەرھال يېقىن ئەتراپتىكى تېلېفون بوتكىسىغا كىرىپ ، رادىئو ئىستانسىسىنىڭ قىزىق لىنىيە تېلېفونىنى ئېلىپ :

— ئەڭ يېڭى خەۋەر ، ھازىر ئاسماندىن كۆكتات ئارىلاش يامغۇر ياغدى ، — دەپ خەۋەر قىپتۇ .

## يالغانچى

بىر يالغانچىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىراۋ ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ ، مۇنداق دەپتۇ :

— داڭقىڭىنى جىق ئاڭلىدىم ، ئەمەلىيىتىڭنى بىر كۆرەي ، مەشەدىلا قاتۇرۇپ بىر يالغان سۆزلىسەڭ ، ئون تەڭگە پۇل بېرىمەن .

— نېمە ، سىز بايىلا يىگىرمە تەڭگە بېرىمەن ، دېگەن ئەمەسمىدىڭىز ، — دەپتۇ يالغانچى دەرمەھەل .

## شارائىت يار بەرسە

يېڭى كەلگەن بىر خادىمدىن شىركەت دىرېكتورى سورىدى :

— خىزمەت ئارخىپىڭىزغا قارىسام ، بىر يىلدا ئالتە قېتىم خىزمەت ئالماشتۇرۇپسىز ، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز ؟

— بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، — دەپتۇ ھېلىقى خادىم تەپ تارتماي ، — ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك خىزمەت ئالماشتۇرۇشقا شارائىت يار بەرمەي قويدى .

## قىزىقچى قىز

بىر يىگىت ئىنتايىن تارتىنچاق ئىكەن ، شۇ تۇپەيلى خېلى

يىللارغىچە لايىق تاپالماپتۇ . بىر قېتىم ئۇ تۇغقانلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىپتۇ . لېكىن باشقا گەپ قىلىشقا پېتىنالماستىن ، ھە دېسە : «دادىڭىز تىنچلىقمۇ ؟ ئاپىڭىز تىنچلىقمۇ ؟» ، «ئۇرۇق ـ تۇغقان دوستلىرىڭىز تىنچلىقمۇ ؟» دەپ سوراۋېرىپتۇ . بىر چاغدا قىز چاقچاق قىلىپ :

— ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلگەندۇ ، سىزنىڭ بايىتىن مەندىن سورىغاندەك تۇغقانلىرىڭىز ھەممىسى تىنچلىقمۇ ؟ — دەپتۇ .

## نۆلدىن باشلىنىدۇ ـ دە

دادىسى بالىسىنىڭ تۇنجى ئىمتىھان قەغىزىنى كۆردى ـ دە ، جەھلى قېچىپ ۋارقىرىدى :

— ياخشى ، ئىشنى دۈگىلەك توقاچتىن باشلاپسەن ، ماڭا سەۋەبىنى چۈشەندۈرگىنە ، قېنى ؟

ئوغۇل مىت قىلماستىن جاۋاب بەردى :

— قىزىشماڭ دادا ، ئۆزىڭىز جاھاندىكى ھەرقانداق سان نۆلدىن باشلىنىدۇ دەيتتىڭىزغۇ ، مەنمۇ شۇ ساندىن باشلىدىم !

## قايىل بولماسلىق

خوتۇنى بىلەن تولا ئۇرۇشۇپ ، يامانلىشىپ ھەتتا ئاجرىشىپ ـ يارىشىدىغان بىر ئادەمگە مەھەللە جامائىتى نەسىھەت قىلدى :

— خوتۇننى تولا قويۇپ بېرىپ ، تولا ياراشقان گۇناھ بولىدۇ ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ناشايان قىلىقلارنى تۈزىتىڭ !

— توۋا قىلدىم ، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم قايىل بولماي ، — دائىم خوتۇن قويۇپ بېرىپ ، خوتۇن ئالماشتۇرسامغۇ تەنبىھ بېرىڭلار ، ئۆزۈمنىڭ خوتۇننى قويۇۋېتىپ ، يەنە ئالساممۇ گۇناھ بولامدىكەن ؟

## بىلىق تۇتۇش

ئىككى ئاغىنە بىر كۈنى ئەتىگەن بىرگە بېلىق تۇتقىلى چىقىپ ، بېلىق تۇتىدىغان يەرگە كەلگەندە ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىپ ، قايتىدىغان چاغدا كۆرۈشۈپتۇ . بىرىنىڭ چېلىكى لىق بېلىق ، بىرىنىڭ قۇرۇق تۇرغۇدەك .

— ئاغىنە ، بېلىق تۇتمىدىڭمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ ھەيران بولۇپ ، لىق بىر چېلەك بېلىق تۇتقان ئاغىنىسى .

ئاغىنىسى ئۇھسىنىپ جاۋاب بېرىپتۇ :

— بۈگۈن مەندىن ئامەت قاچقان كۈن ئىكەن ئاغىنە ، سۈغا قاراپ بىر كۈن كەچكىچە ئېڭەك تۇتتۇم .

## كۆيۈمچان ئەر

خوتۇنى قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالغان بىراۋنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە زىياپەتمۇ زىياپەت مەست يۈرگىنىنى كۆرگەن دوستلىرى ئۇنىڭ باغرى تاشلىقىدىن رەنجىپ تاپا ـ تەنە قىلىشتى :

— سەن ئاغرىپ قالغاندا خوتۇنۇڭ سەكپارە بوپكەتكەنىدى ، سېنىڭ ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ ؟

— كىم مېنى ئىچى ئاغرىمايدۇ دەيدىكەن ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ ھېلىقى كىشى ، — بىچارىنىڭ ئاھ ـ نالىسى قەلبىمنى پارە ـ پارە قىلىۋەتمىسۇن ، دەپ مانا كۈن بويى كەيىپ يۈرۈۋاتىمەنغۇ !

## باھانە ـ سەۋەب

بىر خېرىدار باققالدىن سورىدى :

— باياتىن «شېكەر پېلەك قوغۇن» دەپ ماختاپ كېتىپ باراتتىڭىز ، مۇنۇ قوغۇنىڭىز لاۋزا چىقتىغۇ ، نېمىشقا يالغان سۆزلەيسىز ؟

— سۆزۈم يالغان ئەمەس ، دەرۋەقە بۇ قوغۇنلار لاۋزا

چىقان بولسا چىققاندۇ ، بىراق مەن ئېيتقان شېكەر پىيلەك ئېتىزدا قالغان ، — دەپتۇ باققال قىلچە قىزارماي .

## تەڭكەش قىلىپ كېتىدۇ

ئاۋازى ئىنتايىن سەت بىراۋ ناخشىچى بولىمەن ، دەپ بىنادىكى ئۆيىدە ھەر كۈنى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ قوشنىلىرىنىڭ ئارامىنى زادىلا قويماپتۇ .

بىر كۈنى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بىر ئادەم ناخشىچىدىن سوراپتۇ :

— ئەتىگەن ـ ئاخشام بولۇشىغا ۋارقىراۋەرسىڭىز ، قوشنىلىرىڭىز رەنجىمەمدۇ ؟

— نەدىكىنى ، — دەپتۇ ئاتالمىش ناخشىچى غەم تارتماي ، — قوشنىلىرىم ئۆيۈمنىڭ تاملىرىنى ئۇزۇلدۇرمەي تاقىلدىتىپ ، ناخشامغا تەڭكەش قىلىشىپ كېتىدۇ تېخى !

## خەسىسنىڭ باھانىسى

ئۇچىغا چىققان بىر خەسىسنىڭ ئىككى ئېتى بولۇپ ، بىر قېتىم تام قوشنىسى ئۇنىڭكىگە ھاجەت بىلەن كىرىپتۇ ـ دە :

— قوشنام سەھراغا چىقىپ ـ كېلىدىغان زۆرۈر ئىشىم چىقىپ قالغاندى ، ئېتىڭىزنىڭ بىرىنى بېرىپ تۇرالامسىزمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— بېرىپ تۇراي ، — دەپتۇ خەسىس ، — قايسى ئېتىمنى مىنگۈڭىز بار ؟

— تورۇق ئېتىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىزغۇ خويمۇ ئوبدان بولاتتى ، — دەپتۇ قوشنىسى خۇشاللىنىپ .

— ئاپلا ، — دەپتۇ خەسىس ، — بۈگۈن تۈگمەنگە ئۇگۇت ئاپىراتتىم ، ئۆزۈم ئاشۇ تورۇقنى مىنىپ كۆنۈپ قاپتىكەنمەن .

قوشنىسى :

— ئەمىسە بوز ئاتنى بولسىمۇ بېرىڭ ، — دەپتىكەن ، خەسىس

بۇنىڭغىمۇ باھانە تېپىپ دەپتۇ :

— ئوغلۇم بوز ئاتقا مىنىپ شۇ ئۇنىڭ كېپىكىنى ئەكەلمىسە بولمايدۇ ـ دە ، ئۇ ئاشۇ بوز ئاتقا مىنىپ كۆڭگەن ئەمەسمۇ ؟ !

## مەن توغرۇلۇق يازسا…

دائىم باشقىلارنى تەنقىدلەپ ماقالە يازىدىغان ئوبزورچى كۈنلەرنىڭ بىرىدە گېزىتتىن ئۆزى توغرۇلۇق يېزىلغان تەنقىد ماقالىسىنى كۆرۈپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپ ، ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قاپتۇ . ئۇنى تونۇيدىغانلاردىن بىرى :

— سىزمۇ باشقىلار توغرىسىدا ھەدەپ يازىسىز ، باشقىلار ھېچنېمە دېمەيدۇ ، سىز نېمانچە قىلىسىز ؟ — دەپتىكەن ، ھېلىقى ئوبزورچى :

— مەن ئۇلار توغرىسىدا يازسام ھەقنى يازدىم ، ئەمما بۇلار مەن توغرىسىدا يازسا ھەقىقەتنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىق بولىدۇ ـ دە ! — دەپتۇ .

## سانىماي كىرىۋەردۇق

مەھەللىدىكى بىر بوۋاي يېشىنى سورىغانلارغا ھەر قېتىم بىر خىل جاۋاب بېرىپ ، باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىدىكەن . بىر قېتىم بىر كىشى قاتتىقراق تەلەپپۇزدا ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

— ئاقساقال ، زادى نەچچە ياشقا كىردىڭىز ؟ توغرىسىنى ئېيتىڭا !

— قىزىق سۆزلەيدىكەنسەن ، — دەپتۇ بوۋايمۇ قىزىشىپ ، — ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ، سانىماي تۇرۇپ كىرىۋەردىم .

## مىرشەپ مەھكىمىسى

بىر يىگىت سەھرادىن شەھەرگە كىرىپ ، تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىدا بىر بوۋاينى توختىتىپ سوراپتۇ :

— خاپا بولماي ئېيتىپ بەرسىلە، مىرشەپ مەھكىمىسىگە قايسى يول بىلەن بارغىلى بولىدىكىن؟
— مىرشەپ مەھكىمىسىگە بېرىش بەكمۇ ئوڭاي ئوغلۇم، — دەپتۇ بوۋاي، — ھازىر ئۇدۇل مۇنۇ سەرراپ دۇكىنىغا كىرىسەن - دە، ھالقا - ئۈزۈك ساندۇقىغا قول سالىسەن، يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۆزۈڭنى مىرشەپ مەھكىمىسىدە كۆرىسەن.

## ئۇ نېمە خەستىلىك بولسۇن

ئۆزىنى بىلىمدار ھېسابلايدىغان بىر ئادەم بىر زىياپەتتە ئوقۇتقۇچىلارنى ئەيىبلەپتۇ:
— ئوقۇغانىنىڭ پايدىسى يوق، بولۇپمۇ ھازىر كېرەكسىز ئوقۇشلار چىققاندىن بېرى كۆپ كىشىلەر بۇزۇلۇپ كەتتى، ئوقۇتقۇچىلارمۇ جەبىر تارتىپ، خەستىلىك تېپىۋالىدۇ.
— توغرا ئېيتىدىلا، تەقسىر، — دەپتۇ ئۇنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىغۇچىلاردىن بىرى، — بالا ئوقۇتۇش دېگەن جان ئېلىپ، جان بەرگۈدەك مۇشەققەتلىك ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردا خەستىلىك كۆپ بولىدۇ، ئەمما ئەتىدىن - كەچكىچە ھېچنېمىدىن غەم قىلماي، يەپ - ئىچىپلا يۈرگۈچىلەردە ئۇنداق خەستىلىكلەر نېمىش قىلسۇن؟

## نېمىشقا قىزىرىدۇ

بىر گەپچىدىن ئاغىنىسى سوراپتۇ:
— بۇرادەر، نېمە ئۈچۈن كۈن پاتاي دېگەندە قىزىرىپ كېتىدۇ؟
گەپچى جاۋاب بېرىپتۇ:
— شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭىزمۇ؟ پاتالماي قىزىرىدۇ - دە!

## بالدۇرراق كۆيدۈرۈۋەتسەمچۇ

بىر سەنئەتچى ئايال دەسلەپ قېتىم سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتقاندا تاماشىبىنلار زادىلا چاۋاك چالماپتۇ. ئويۇن تۈگىگەندە ئۇ

خاپا بولۇپ :

— خەلقنىڭ زوقىنى تارتالىغان بۇ ھەشەمەتلىك كىيىملەرنىڭ بارىدىن يوقى ياخشى ئىكەن ، — دەپ كىيىملىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ ـ دە ، ئەتىسى يېرىم يالىڭاچ ھالدىلا سەھنىگە چىقىپتۇ ، بۇ قېتىم تاماشىبىنلار ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا قىيقاس سېلىپ ، چاۋاك چېلىپ قوللىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتىپتۇ ، شۇ چاغدا سەنئەتچى ئايال پۇشايمان قىلىپ ئۆز ـ ئۆزىگە دەپتۇ :

— ئىسىت ، بۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام ، كىيىملىرىمنى بالدۇرلا كۆيدۈرۈۋېتىدىكەنمەن !

## شائىرنىڭ جاۋابى

مەنسەپدارلاردىن بىرى شائىرلىققا ھەۋەس قىلىپ ، كۆچەپ يۈرۈپ بىر شېئىر يېزىپتۇ ـ دە ، ئاتىقى چىققان بىر شائىرغا كۆرسىتىپتۇ . شائىر شېئىرنى كۆرۈپ بېقىپ مەنسەپدارغا ئېيتىپتۇ :

— سىز بۇ شېئىرىڭىزدا دېيىلگەنلەرنىڭ ئەكسىنى قىلىپ ، ئاران بۇ تەختكە چىققانىدىڭىز ، ئەمدى دوملاپ چۈشكىڭىز كەلگەن بولسا ، شېئىرىڭىزنى ئېلان قىلىڭ !

## ئەمدى ئۈچ بوپتىمىز

پادىشاھ بىر كۈنى كۆڭلىنى ئېچىش مەقسىتىدە ئالىجوقا سۆزلەيدىغان ئىككى كىشىنى تاپقۇزۇپ كەپتۇ ۋە ئۇلارنى ئۆزئارا سۆھبەتكە بۇيرۇپتۇ . ھېلىقى ئىككىيلەن خېلى ئۇزۇنغىچە خىلمۇخىل قىزىقارلىق ۋە ئەخمىقانە پاراڭلارنى قىلىشىپ باققان بولسىمۇ ، پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئېچىلماپتۇ . ئاچچىقى كەلگەن پادىشاھ ئاخىر خىزمەتكارلىرىغا قولىغا تاياق ئېلىپ بۇ ئىككىسىنى ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ .

خىزمەتكارلار پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە ھېلىقىلارنى ئۇرۇشقا باشلىغانىكەن ، ئۇلارنىڭ بىرى شىبىرىكىگە :

— ئاغىنە ، بۇ شەھەردە ساراڭدىن ئىككى ئىدۇق ، بۇگۈندىن

باشلاپ ئۈچ بوپتىمىز ، — دەپتىكەن ، پادىشاھ ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ كېتىپتۇ .

## خوتۇنىدىن لەت بولغان ئەر

بىر جۈپ ئەر - خوتۇن دەرۋازا ئالدىدا ئولتۇرسا ، كوچىدىن بىر ئېشەك ئۆتۈپ قاپتۇ ، ئېرى خوتۇنىغا چاقچاق قىلىپ :

— ئاۋۇ ئېشەك سېنىڭ بىلەن بىر تۇغقاندەك كۆرۈنىدىغۇ ، — دەپتۇ ئېشەكنى كۆرسىتىپ .

— راست ئېيتىسىز ، — دەپتۇ خوتۇنى ، — مېنى ھېچنېمەڭ يوق سۆر يېتىمكەنسەن دەپ ئېلىۋىدىڭىز ، سىزنىڭ تۇغقانلىرىڭىزنى ئۆز تۇغقىنىمدەك بىلىپ ، كۆڭلۈمنى توق تۇتۇپ كېلىۋاتىمەن ، تارتىنماڭ ، بۇمۇ سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز بولسا ، ماڭا كارايىتى چاغلىق .

لەت بولغان ئەر نېمە دېيىشنى بىلمەي قاپتۇ .

## ھىندىستان ئەينۇلىسى كەلدى

بىر ئادەمنىڭ خوتۇنى بۇزۇلۇپ ، ئاشنا تۇتۇپتۇ - دە ، ئېرىنى كۆزدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن ئاغرىپ يېتىۋاپتۇ . ئېرى نېمىلا ئەكېلىپ بەرسە يېگىلى ئۇنىماي ئاخىر :

— تېۋىپ ماڭا ھىندىستان ئەينۇلىسى يېيىشىمنى بۇيرۇدى ، مېنى ياخشى كۆرسىڭىز شۇنىڭدىن ئەكېلىپ بېرىڭ ، — دەپ ئەركىلەپتۇ . ئېرى خوتۇنىنىڭ نىيىتىنى ئاللىقاچان سەزگەنىكەن ، شۇڭا چاندۇرماي :

— خوپ ، ئەمىسە ھىندىستانغا ماڭدىم ، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئاخشىمى يېنىپ كېلىپ ، ئۆگزىگە چىقىپ تۈڭلۈكتىن ماراپ يېتىپتۇ . كۆز باغلانغاندا خوتۇنىنىڭ ئاشنىسى كەپتۇ ۋە ئۆيگە كىرمەيلا :

— رۇستەمى داستان كەلدى ، — دەپتۇ . ئاشنىسىنى خېلىدىن بېرى ساقلاپ ئولتۇرغان ئايالمۇ دەرھال :

— باغۇبوستان كەلدى ، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ . دەل شۇ چاغدا ئايالىنىڭ ئىرى تۇڭلۇكتىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا سەكرەپ چۈشۈپتۇ ـ دە :
— ھىندىستان ئەينۇلىسى كەلدى ، — دەپتۇ .

## ئاۋۇت ئەزمە بىلەن ساۋۇت ئەزمە

بىر ـ بىرىگە قوشنا ئىككى شەھەردە ئاۋۇت ئەزمە بىلەن ساۋۇت ئەزمە دېگەن ئىككى گەپچى ياشايدىكەن . بىر يازدا ئاۋۇت ئەزمە : «ساۋۇت ئەزمىنى زادى بىر ئىزدەپ تېپىپ ، گەپتە يېڭىشىپ كەلمىسەم» دەپ ساۋۇت ئەزمىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ . ئۇ ساۋۇت ئەزمە تۇرغان شەھەرگە كېلىپ ، ئۇنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىپ ، ئىشىكنى چېكىپتۇ ، ئۆيدىن ساۋۇت ئەزمىنىڭ ئوغلى چىقىپتۇ .
— مېنىڭ ئىتىم ئاۋۇت ئەزمە ، پالانى شەھەردىن كەلدىم ، داداڭ ئۆيدە بولسا چاقىرىۋەت ، گېپىم بار ، — دەپتۇ بالىغا ئاۋۇت ئەزمە . بالا دەررۇ ئۆيگە كىرىپ دادىسىغا گەپنى يەتكۈزۈپتۇ . ساۋۇت ئەزمە خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۇچىسىغا جۇۋا ، بېشىغا قۇلاقچا ، پۇتىغا پىيما كىيىپ چىقىپ ئاۋۇت ئەزمە بىلەن كۆرۈشۈپتۇ .
— ئادىشۇي ، مۇنچىۋالا ئىسسىقتا نېمانچە قېلىن كىيىنىۋالدىڭىز ؟ — دەپ ئاۋۇت ئەزمە چاقچاق قىپتۇ . شۇنى كۇتۇپ تۇرغان ساۋۇت ئەزمە دەررۇ :
— سىلىنىڭ گېپىڭلار تۇگمگۇچە قىش چۈشۈپ كەتمىسۇن ، دەپ شۇنداق قېلىن كىيىنىۋالدىم ، -- دەپ جاۋاب قايتۇرغانىكەن ، ئاۋۇت ئەزمە ئۇنىڭغا گەپتە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى سېزىپ ، شۇ ھامان كەينىگە قايتىپتۇ .

## بۈگۈن مېنىڭ خەتنە تويۇم ئىكەن

بىر ـ بىرىنى بىلىشمەيدىغان ئۈچ ئوغرى تېپىشىپ قېلىپ ،

بىر ئۆيگە ئوغرىلىققا چۈشمەكچى بولۇپ، ئۆينىڭ ئارقا تېمىنى تەشكەندىن كېيىن ياشراق بىرىنى:
— سەن كىر دېيىشىپتۇ:
— ھېلىقى ئوغرى تۆشۈكتىن ئۆمىلەپ، ئۆيگە كىرىشىگىلا، خېلىدىن بېرى ئوغرىلارنى سېزىپ راسلىنىپ تۇرغان ئۆي ئىگىسى قولىدىكى پىچاق بىلەن ئۇنىڭ بۇرنىنى شارتلا كېسىۋاپتۇ. ئۇ ئوغرى بولسا بۇرنىنى قولى بىلەن توسقىنىچە:
— ۋاي — ۋۇي، مۇنۇ ئۆيدىكى سېسىقچىلىقنى! — دەپلا كەينىگە ئۆمىلەپ يېنىپ چىقىپتۇ.
— نېمە دەيدىغاندۇ بۇ؟ — دەپ ئىككىنچى ئوغرى تۆشۈكتىن ئۆمىلەپ كىرىپتىكەن، ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ بىر قۇلىقىنى كېسىپ تاشلاپتۇ.
— پاھ! ماۋۇ ئۆيدە بولۇۋاتقان نەغمە - ناۋانى، قۇلىقىم گاس بوپقالدى، — دەپ ئۇمۇ ئالىقىنىدا قۇلىقىنى توساپ يېنىپ چىقىپتۇ. ئۈچىنچى ئوغرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:
— بىرىڭ سېسىقچىلىق دەيسەن، بىرىڭ نەغمە - ناۋا دەيسەن، نېرى ئۆتۈشە، ئۆزۈم بىر كىرىپ باقاي، — دەپلا تۆشۈكتىن ئۆمىلەپ كىرىپتىكەن، بۇ دورەم ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ جان يېرىنى كېسىپ تاشلاپتۇ.
— بىكار نەغمە - ناۋا ئەمەسكەن - دە، ئەسلىي بۈگۈن مېنىڭ خەتنە تويۇم ئىكەن ئەمەسمۇ، — دەپ ئۈچىنچى ئوغرىمۇ دەرھال يېنىپ چىقىپتۇ.

## ھېكمەتلىك سۆز

ئۆزىنى تولىمۇ ئەقىللىق سانايدىغان بىر ئادەمنىڭ قېشىغا شۇ شەھەرنىڭ قىزىقچىسى كېلىپ دەپتۇ:
— جانابلىرىنى ئەقىل - پاراسەتتە كامىل دەپ ئاڭلىدىم، ماڭا ئون تەڭگە بەرسىلە، بىر ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىپ بېرەتتىم، ئەقىللىرىگە تېخىمۇ ئەقىل قوشۇلاتتى.
ھېلىقى ئادەم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قىزىقچىغا دەررۇ ئون تەڭگە

بېرىپتۇ ـ دە :
— قېنى ، ئېيتقىنا شۇ ھېكمەتلىك سۆزۈڭنى ، — دەپ بۇيرۇپتۇ : قىزىقچى بولسا پۇلنى يانچۇقىغا ئوبدان جايلاپ سېلىپ :
— ئاڭلاڭ ، بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى كىم ئەقىللىق دەپ ماختىسا ئەسلا ئىشەنمەڭ ، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ .

## ئۆزىڭىز نېمە دېگەن

مۇئەللىم كەپسىز بالىغا دەرس ۋاقتىدا كايىدى :
— نېمىشقا يېنىڭدىكىلەرنى كۈلدۈرۈپ ، دەرس تەرتىپىنى بۇزىسەن ؟
كەپسىز بالا دەررۇ جاۋاب بەردى :
— مۇئەللىم ، ئۆزىڭىز «كۈلكە سالامەتلىككە پايدىلىق» دېمىگەنمىدىڭىز ؟

## ماھارەت ۋە تاپاۋەت

بىر تەنھەرىكەتچىدىن ئاغىنىسى سوراپتۇ :
— مۇسابىقىگە چۈشكەندە ، نېمىدىن ئەڭ قورقىسەن ؟
تەنھەرىكەتچى جاۋاب بېرىپتۇ :
— رېپېرنىڭ ماھارەتكە ئەمەس ، تاپاۋەتكە قارىشىدىن قورقىمەن .

## ئەڭ خاتىرجەم يەر

بىر رەسسام دالىغا سۈرەت سىزغىلى چىقىپتىكەن ، بىر چاغدا پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى ئۇ تۇرغان يەرنىڭ يېنىغىلا كېلىپ ، نىشان تىكلەپ ، ئوقيا ئاتقىلى تۇرۇپتۇ . رەسسام پەلكۈچ ـ بوياقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، چەتكە چىقىپ تۇرۇپتۇ . ئۇ شۇ تەرىقىدە يېرىم سائەتچە كۆزەتسە ، ئېتىلغان ئوقلار ھەر تەرەپكە ئۇچارمىش ، بىرىمۇ نىشان تەرەپكە بارمىغۇدەك .

شۇ چاغدا رەسسام :
— بولدى ، خاتىرجەم يەرنى تاپتىم ، — دەپتۇ ـ دە ، دەررۇ نىشان تاختىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ ، بەھۇزۇر رەسىم سىزىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ .

## ئىشلەتمىگەچكە تولىدۇ

مەھەللە دوقمۇشىدا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغان كىشىلەردىن بىرى بىر باينىڭ گېپىنى قىلىپ :
— بۇ ئادەمنىڭ ئەقلى قالتىس ئىشلەيدىكەن ، خۇدايىم بەرگەن ئادەمگە پۇلنىمۇ ، ئەقىلنىمۇ قوشلاپ بېرىدىكەن ! — دەپ ئاغىزى ـ ئاغزىغا تەگمەي باينى ماختىغىلى باشلاپتۇ . سورۇندىكىلەردىن يەنە بىرى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپتۇ :
— بۇرادەر ، شۇنىمۇ بىلمەمسىز ، خۇدايىم ئەقىلنى ھەممە ئادەمگە تەڭ بەرگەن ، بىراق سىزنىڭ ئۇ بېيىڭىز ساپلا خىزمەتكار ، مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئەقلىنى ئىشلىتىپ ، ئۆزىنىڭ ئەقلىنى ئىشلەتمىگەندىكىن ، ئەقلى داۋاملىق ئاشىدۇ ـ دە !

## خەلقنى قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن…

پادىشاھ شەھەرنىڭ چېتىگە تازىمۇ چوڭ دارىلئاجىزىن سالدۇرۇشقا باشلاپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر نە ـ نەلەردىن تاماشا قىلىشقا كەپتۇ . بىر كۈنى تاماشىبىنلار دارىلئاجىزىننىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى ، ئۆيلىرىنىڭ جىقلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىپ ، پادىشاھنى ئادالەتلىكتە ماختىغانىكەن ، شۇ شەھەرنىڭ ئاھالىلىرىدىن بىرى ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلۈپ :
— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىلەر ، پادىشاھنىڭ زۇلمى پۈتۈن خەلقنى ئۆيۋاقا ، ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن مەھرۇم قىلىۋەتكەن تۇرسا ، ئۇنىڭ دارىلئاجىزىن سالدۇرۇشتىن باشقا يەنە نېمە ئىلاجى بار ؟ — دەپتۇ .

## تونۇسىڭىز بەرمەيتتىڭىز

بىر يىگىت بازاردا بىر باينىڭ ئالدىغا بېرىپ :
— بەش تەڭگە پۇل بەرگەن بولسىلا ، — دەپتۇ .
— مەن سىزنى تونۇمىسام ، قانداقچىسىگە پۇل بېرىمەن ، — دەپ ھەيران بوپتۇ باي .
— بەللى ، بەرسىڭىز مۇشۇ تونۇماس چېغىڭىزدا بېرىڭ ، — دەپتۇ يىگىت دەررۇ ، — ئەگەر تونۇسىڭىز جەزمەن بەرمەيسىز .

## پۇل ۋە ئابرۇي

ئىككى سودىگەر زىياپەت ئۈستىدە بىر - بىرى بىلەن قىزىرىشىپ قاپتۇ .
— ئادەم بولسىڭىزچۇ ، — دەپتۇ بىرى يەنە بىرىگە ، — دائىم پۇل ، پۇللا دەيسىز ، مانا بىزچۇ ، جان چىقسىمۇ ئابرۇي ئىزدەيمىز .
— بەك توغرا سۆزلىدىڭىز ، — دەپتۇ يەنە بىرى ، — ئادەم ھامان ئۆزىدە يوق نەرسىنى تېپىشنىڭ كويىدا بولىدۇ ئەمەسمۇ !

## ئۆزىڭىزنىلا دوراپتۇ

بىر ئادەم مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئالدىدا جامائەتكە ماختىنىپ دەپتۇ :
— خۇداغا مىڭ قەترە شۈكۈر ، بالىلىرىم خۇددى ئۆزۈمدەكلا زېرەك ، ئەدەپلىك چوڭ بولدى...
— توغرا ئېيتتىڭىز ، — دەپتۇ جامائەت ئىچىدىن بىرى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — بالىلىرىڭىزنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى خۇددى ئۆزىڭىزنىڭكىدەك بولغىنىغا گۇمانىمىز يوق ، قاچان سىزنىڭ ئىشىكىڭىز ئالدىدىن ئۆتسەك ، بالىلىرىڭىزنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن تىللىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايمىز .

# گەپدان بالا

بىر ئادەمنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئۇ تولىمۇ گەپدان، ھازىر جاۋاب ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ چاي ۋاقتىدا چىنىنى ئۈستەل ئۈستىدە پىرقىرىتىپ ئويناۋاتقانىكەن، ئانىسى ۋارقىراپتۇ:

— ھەي بالام، چىنىنى پىرقىرىتىپ ئوينىما، ھېلى ئىككى قىلىسەن بىكار...

بالا غەمسىز جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىر چىنەڭ ئىككى بولسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

# سېپى ئۆزىمىزدىن ئوخشايدۇ

يانباغىردىكى دەل - دەرەخلەردىن نەچچىسى تاغ چوققىسىدىكى قارىغاي پادىشاھقا ئەرز قىلىپ:

— بىر توپ ئىنسانلار كېلىپ بىزنى قىرىپ كېتىۋاتىدۇ! — دەپتۇ. پادىشاھ خاتىرجەملىك بىلەن:

— ياق، ئىنسانلار بىزنى كېسەلمەيدۇ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەنىكەن، ئەرز قىلغۇچىلار جىددىيلىك بىلەن:

— پادىشاھىئالەم، ئىشەنمىسىلە ئايغاقچى ئەۋەتىپ تەكشۈرتۈپ باقسىلا، بىرمۇنچە قېرىندىشىمىز كېسىلىپ كەتتى، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ئۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆز ئەزالىرىمىزدىن بولسا كېرەك، ئىنسانلار بىزنى ئۆزىمىزگە تايىنىپ كەسمىسە، ھېچقاچان كېسەلمەيدۇ، سىلەر بېرىپ تەكشۈرۈپ كېلىڭلار، — دەپ يېنىدىكى بىرنەچچە دەرەخنى نەق مەيدانغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار نەق مەيدانغا كېلىپ ياغاچ كېسىۋاتقانلارغا قارىسا، راست دېگەندەك ئۇلارنىڭ قولىدىكى پالتا، ھەرىلەرنىڭ سېپى ياغاچ ئىكەن. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ.

— دېمىدىممۇ، دېمەك، سېپى ئۆزىمىزدىن ئىكەن، — دەپتۇ قارىغاي پادىشاھ، — ئەمدى بىز ئۇلارنى جازالىيمىز دېسەك، ئالدى بىلەن ئاشۇلارغا ساپ بولۇپ بەرگەن ئۆز ئەزالىرىمىزنى

جازالىشىمىز كېرەك .

## چىراي ۋە ئەقىل

پادىشاھنىڭ مەلىكىسى شەھەردىكى ئايالنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرۇپ قويماي زىياپەتكە چاقىرىپتۇ . ئايالنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن مەلىكە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، سالىمىنى قوبۇل قىلىپ ، يۇزىدىن چۆمبىلىنى ئاپتۇ . ئەسلىدە مەلىكە ناھايىتى سەت ئىكەن .

زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ئايالنىڭ ئىچىدە چىرايىغا تەمەننا قويۇپ يۈرگەن بىر ئايال مەلىكىگە ئۆزىنىڭ ئايرىم گېپى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ . مەلىكە ئىجازەت بېرىپتۇ .

— مۆھتەرەم مەلىكەم ، — خۇدايىم ھەممىمىزنى يارىتىپ ، ھۆسن - جامال تەقسىم قىلغاندا ئۆزلىرى نەدە قالغان ئىدىلە ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئايال مەلىكىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ .

مەلىكىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ :

— بۇ چاغدا خۇدايىم يەنە بىر تەرەپتە ئەقىل تەقسىم قىلىۋاتاتتى ، مەن شۇ ياققا كېتىپ قالغانىكەنمەن ، — دەپتۇ .

## لايىقلاشتۇرۇپ ئەكېتىدىكەنسەنغۇ

بىر ئادەم شەھەرگە كېلىپ مال ئالغىلى دۇكانغا كىرسە ، دۇكاندا ئولتۇرغان يۇسۇپتەك چىرايلىق يىگىتنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ ۋە ئۆز - ئۆزىگە :

— ئەي خۇدا ، مۇشۇنداق بەندىلىرىڭنىمۇ ئۇ دۇنياغا ئەكېتەمدىغانسەن ! — دەپتۇ ۋە ئالىدىغانىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ . ئۇ ئادەم بۇ شەھەردىن كېتىپ قىرىق يىلغىچە جاھانكەشتىلىك قىلىپ ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە شۇ شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ - دە ، ھېلىقى چىرايلىق بالىنى يەنە بىر كۆرمەك بولۇپ ، ئۇنىڭ دۇكىنىنى ئىزدەپ - سوراپ بېرىپتۇ . قارىسا ،

ھېلىقى يىگىتنىڭ ئورنىدا چاچ - ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان ، بېلى مۈكچەيگەن ، كۆزلىرى نۇرسىز ، چىرايىغا قارامتۇل داغلار چۈشكەن بىر بوۋاي ئولتۇرغۇدەك . شۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم ئىككىنچى قېتىم ياقىسىنى تۇتۇپ :

— ئەي خۇدا ، سەن ئادەملەرنى ئۇ دۇنياغا لايىقلاشتۇرۇپ ، ئاندىن ئەكېتىدىكەنسەنغۇ ! — دەپتۇ .

## ئالىم بىلەن ئوغرى

بىر ياشانغان ئالىمنى پادىشاھ سەۋەبسىزلا قاماپ قويۇپتۇ . پادىشاھنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن ئىچى كۆيگەن ئالىم بىر كۈنى ئۆزىچە ئىسەدەپ يىغلاپ ئولتۇرسا ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قامالغان بىر ئوغرى ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، ئالىم بىلەن تەڭلا يىغلاشقا باشلاپتۇ .

ئالىم بىر چاغدا يىغىسىنى توختىتىپ ئوغرىدىن سوراپتۇ :

— مەنغۇ گۇناھسىز تۇتقۇن بولۇپ قالغىنىمغا يىغلايمەن ، سەن نېمىگە يىغلايسەن ؟

— مېنىڭ ئۆيۈمدە بىر ئاق ئۆچكەم بار ئىدى ، — دەپتۇ ئوغرى ، — ئۇ ھەر قېتىم مەرىگەندە ئۆزۈن ساقىلى تىترەپ كېتەتتى ، سىز يىغلىغاندا ساقىلىڭىز ئاشۇنداق تىترەپ كەتكەندى ، ئۆچكەم يادىمغا يېتىپ يىغلاۋاتىمەن .

## ئۆزىنى ئۇرۇۋالدى

بىر ئادەمنىڭ بىر ئادەمگە ئاتقان تېشى يولدا كېلىۋاتقان باشقا بىر كىشىگە تېگىپ بېشىنى يېرىۋېتىپتۇ . جېدەل ئۇستىگە كېلىپ قالغانلارنىڭ بىرى تاش ئاتقان ئادەمنى ئەيىبلەپتۇ :

— قاراپ تۇرۇپ نېمىشقا بىگۇناھ بىراۋنىڭ بېشىنى يېرىۋەتتىڭىز ؟

— ھوي بۇرادەر ، گەپنى ئۇقۇپ سۆزلەڭ ، — دەپتۇ تاش ئاتقان كىشى ، — مەن تاشنى بۇنىڭ بېشىغا ئاتقىنىم يوق ، بۇنىڭ

ئۆزى مەن ئاتقان تاشقا قارشى كېلىۋېتىپ ، ئۆزىنى ئۇرۇۋالدى .

## قوينىڭ باھاسى

بىر ھاجەتمەن بېقىۋاتقان قوينى سېتىۋېتىش ئۈچۈن بازارغا ئەكىرىپ تۇتۇپ تۇرسا ، بىر خېرىدار كېلىپ سوراپتۇ :
— قويىڭىزنى نەچچە تەڭگىگە ساتىسىز ؟
— بۇ قوينى ئۆزۈم بەش تەڭگىگە سېتىۋالغانىدىم ، — دەپتۇ ئۇ كىشى ، — ئەلۋەتتە پايدىنى كۆزلەپ بازارغا ئەكىردىم ، ئالتە تەڭگىگە ئالامدىكىن دېگەن ئۈمىدىم بار ، يەتتە تەڭگىگىمۇ چىقىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ ، قوينىڭ ئۆزىغۇ سەككىز تەڭگىگىمۇ يارايدۇ ، ئەگەر مەيلىڭىز چۈشكەن بولسا يانماي توققۇز تەڭگىگە ئېلىڭ ، مەن سىزگە بۇنى ئون تەڭگىگە جان دەپ سېتىپ بېرىمەن .

## خوتۇنۇم دېگەن…

بىر تېۋىپ بىمارنىڭ تومۇرىنى بىرپەس تۇتقاندىن كېيىن :
— ئاغزىڭىزنى يوغان ئېچىڭا ، — دېگەنىكەن ، بىمار ھاياجانلانغىنىدىن كەينى ـ كەينىدىن «رەھمەت» دەپ كېتىپتۇ .
— رەھمەت دېگۇدەك ئىش بولمىدىغۇ تېخى ، بۇ گېپىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمىكىن ؟ — دەپتۇ تېۋىپ چۈشەنمەي . بىمار ئېيتىپتۇ :
— سەۋەب شۇكى ، ئۆيۈمدە نەچچە يىلدىن بېرى «ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ» دېگەندىن باشقا گەپنى ئاڭلىماي كەلگەنىدىم .

## گەپ دەسمالدا

بىر خېرىدار ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن تاماققا شۈبھىلىك قاراپ ، ئاشخانا خوجايىنىنى چاقىرىپتۇ ـ دە :
— ئۇستام ، چىنە ـ قاچىلار ياخشى سۈرتۈلمەپتىغۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— قاچا ـ قومۇشنى سۇرتۇشتە گەپ يوق ، گەپ قامچا سۇرتكەن دەسمالدا ، — دەپتۇ خوجايىن دەرھاللا .

## تىلەك

بىر ياخشى كۆڭۈللۈك ئادەم يول بويىدا ئولتۇرغان تىلەمچىگە خېلى كۆپ سەدىقە بېرىپ ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە دۇئا قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ . تىلەمچى شۇ ھامان قولىنى كۆتۈرۈپ «ئىلاھا ، بۇ كىشىنى پۈتۈن مال ـ دۇنيالىرىدىن مەھرۇم قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىپتۇ . سەدىقە بەرگۈچى ئەجەبلىنىپ :

— ھوي ، نېمىشقا بۇنداق دۇئا قىلىسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ . تىلەمچى ئېيتىپتۇ :

— دۇنيادا باشقىلاردىن بىرنەرسە تىلەشتىن زىيادە لەززەت بارلىقىنى ئەسلا كۆرمىدىم ، شۇڭا بۇ لەززەتتىن سىزنىمۇ بەھرىمەن بولسۇن دېدىم .

## سىزنىڭ بىلىدىغانلىقىڭىزغا كىم كېپىل

ھېچقاچان كىتاب ئوقۇمايدىغان بىر ئادەم كىتابنىڭ گېپى بولۇۋاتقان بىر سورۇندا بىر كىتابنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە ، يېنىدىكىلەرگە :

— مۇشۇ كىتابنى ئوقۇساڭلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشىڭلارغا مەن كېپىل ، — دەپ ماختىنىپتۇ .

— ئۇنى سىزنىڭ بىلىدىغانلىقىڭىزغا كىم كېپىل ؟ — دەپ سوراپتۇ سورۇندىكىلەردىن بىرى .

## چىقتى ، ئەمما قايتىپ كىرمىدى

باشقا ـ باشقا ئىككى جەمەتتىن بولغان ئىككى ئادەم بىر ـ بىرى بىلەن گەپ تالىشىپ قاپتۇ :

— ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىزدىن چىققان ، — دەپتۇ بىرى .

— توغرا ، سىلەردىن چىقتى ، ئەمما قايتىپ كىرمىدى ، — دەپتۇ يەنە بىرى .

## بارماق بىلەن ئالغىلى بولسا...

ئاخۇنلاردىن بىرى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنالمىغان ئەسكەر بېشىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ـ دە :

— سىز بۇ قېتىم خاتا قىلدىڭىز ، ئاۋۋال مانا مۇنۇ شەھەرنى ، ئاندىن مۇنۇ شەھەرنى ، ئاخىرىدا بولسا ماۋۇ شەھەرنى قورشاۋغا ئېلىش كېرەك ئىدى ، — دەپ خەرىتىنىڭ ئۈستىدە بارماقلىرىنى ماڭغۇزۇشقا باشلاپتۇ . ئۇنىڭسىزمۇ مىجەزى قوداڭشىپ تۇرغان ئەسكەر بېشى ئاخۇننى سىلكىۋېتىپتۇ :

— تەقسىر ئاخۇنۇم ، سۆزلىرىڭىز توغرا ، بىراق ئۇرۇشتا شەھەرلەرنى بارماق بىلەن ئالغىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ !

## ئاڭلىدىم ، كۆرمىدىم

بىر ناتىق ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەپ ، بىر مەھكىمە خىزمەتچىلىرىنىڭ قەبىھلىكىدىن شىكايەت قىپتۇ . قايتقان چاغدا بىراۋ ناتىقتىن سوراپتۇ :

— سىز دېگەن مەھكىمە قايسى مەھكىمە ؟ ئېنىق دەپ بەرگەن بولسىڭىز .

— ناتىق جاۋاب بېرىپتۇ :

— بىلمەيمەن ، ئۆزۈم كۆرمىدىم ، باشقىلاردىن ئاڭلىۋىدىم .

# ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى

تويلاپ رەتلىگۈچى : ماخمۇت مۇھەممەت



ئىشقىيار نامەتنىڭ تەقلىدىي رەسمى
(نۇرۇللام ئىبراھىم سىزغان)

# ئىشقىيار نامەت ھەققىدە ئېيتىلمىغان گەپلەر

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققەتەنمۇ پۈتمەس - تۈگىمەس بىر كان. ئۇ ئۆز قوينىدىكى باي، رەڭگارەڭ مىسرالار بىلەن تارىخىمىز سەھىپىسىدە بىباھا ياقۇتتەك جۇلالىنىپ تۇرماقتا. بۇ بىباھا ياقۇت شەك يوقكى، تېخىمۇ زورىيىپ، تاۋلىنىپ، ئالەم ئەھلىنى ئۆزىگە مەھلىيا ئەتكۈسى.

1978 — 1980 - يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە مەن ئاتاقلىق خەلق قىزىقچىسى ھېسام قۇرباننىڭ چاقچاقلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قېزىپ توپلاۋاتقىنىمدا، غۇلجا شەھىرىدە ئىشقىيار نامەت ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئاجايىپ ئۆتكۈر، قىزىقارلىق ۋە مەنىلىك پاراڭلىرىنىڭ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلدىم. تولىمۇ ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن بۇ مەنىلىك پاراڭلار (يەنى لەتىپىلەر) ئاساسەن «بەتنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە «دوپپا كەي»[1] تېمىسىدا بولۇپ، بۇ تەرىقىدىكى ئۇر - سوق ھەرىكەتلەردىن بىزار بولغان خەلق ئۇلارنى ئىنتايىن زوقمەنلىك، رازىمەنلىك بىلەن ئاڭلىشىپ، كۆڭۈل سۆزلىرى بىلىشىپ، بىر - بىرىگە چاقماق تېزلىكىدە يەتكۈزۈپ مەشھۇر قىلىشىۋەتتى. شۇ چاغلاردا ئۇزۇن بىر مەھەل غۇلجا شەھىرىدە ئىشقىيار نامەتنىڭ لەتىپىلىرى (گەرچە تارىلىپ يۈرگەنلىرىنىڭ سانى چەكلىك بولسىمۇ) ئاجايىپ ئالقىشقا سازاۋەر بولغانىدى ھەمدە ئىلىنىڭ شەھەر - يېزىلىرىغىچە كېزىپ يۈرگەنىدى. ئەينى چاغلاردا يېشى توقسانغا يېقىنلاپ قالغان، قەددى پۈكۈلگەن بولسىمۇ،

[1] «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە «دوپىگەي»نى ئەينى چاغدا خەلق شۇنداق ئاتىۋالغان (ئاپتوردىن).

چىرايىدىن سىرلىق كۆلۈمسىرەش ، كۆزلىرىدىن ئاچچىق ھەجۋىي تېمىپ تۇرىدىغان ، قارىماققا ئىنتايىن ئاددىي ، كۆرۈمسىز ، ھەر كۈنلۈكى مال بازىرى ، ئېلىپساتارلار ئارىسىدا ۋە مەھەللە دوقمۇشلىرىدا ھېلى ئۇ يەردە ، ھېلى بۇ يەردە لىپ ـ لىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ، تولىراق غۇلجا شەھىرىنىڭ ئەڭ قايناق يېرى «خەنزۇ بازىرى» دا تاماكا ، قەغەز سېتىپ ، ئۇنى بۇنىڭغا كېلىشتۈرۈپ ، ھالالىلاپ نېنىنى يەپ يۈرگەن ۋە شۇ جەريانلاردا ئاۋام خەلقنى ئۆتكۈر ئىبارىلىرى بىلەن قانغۇچە كۈلدۈرۈپ ، كۈلكىدىن كېيىن بولسا چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈرۈپ ، كۆپكەن قورسىقىنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ بوشىتىپ يۈرگەن مەزكۇر چېچەن ئىنسانغا نىسبەتەن كۆڭلۈمدە ئالاھىدە قىزىقىش ـ ھۆرمەت قوزغالغىنى ھېلىمۇ يادىمدا . ئەنە شۇ كەملەردە مېنى تولىمۇ قىزىقتۇرغان ۋە ئاپىرىن دېگۈزگەن بۇ لەتىپىلەردىن يىگىرمىگە يېقىنىنى توپلاپ ، خاتىرەمگە تىركىۋالغانىدىم . 1980 ـ يىلى «ھېسام چاقچاقلىرى» نىڭ 1 ـ كىتابىنى نەشرگە تەييارلىغىنىمدا ، قولۇمدىكى ئاشۇ لەتىپىلەرنى ۋە خەلق ئارىسىدا كىملىكىسىز تارىلىپ يۈرگەن يەنە بىرمۇنچە لەتىپە ـ چاقچاقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بىر پىكىرگە كېلەلمەي ، غۇلجىدىكى بىر قىسىم پېشقەدەم كەسىپداشلاردىن ئەقىل سورىدىم . (بۇلارنىڭ ئارىسىدا قىزىقچى ھېسام قۇربان ، روزى ئابدۇۋېلىدىن بۆلەك يەنە مەرھۇم تېيىپجان ھادى ، تۇرسۇن زېرىدىن ۋە ھازىر ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتقان غوجەخمەت يۇنۇس ئاكىلارمۇ بار . ) ئاشۇ يولداشلارنىڭ مەسلىھىتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىكى ئەينى ۋاقىتتا كىتابنى نەشر قىلىش ئىشىغا مەسئۇل بولغان مۇھەررىرلەرنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئىشقىيار لەتىپىلىرىنىڭ قولۇمدىكى بىر قىسمىنى «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىغا تاللاپ كىرگۈزدۈم . سەۋەبى ئۇ چاغلاردا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ سولچىل ئىسكەنجىسى ئەمدىلەتىن بوشاپ ، ۋەزىيەت ئۆگىشلىۋاتقان ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمۇ يېڭىباشتىن قايتا ئىزغا چۈشۈشكە

يۈزلەنگەن بولۇپ، هازىرقىدەك كەڭ - كۆشادە ئىمكانىيەت يوق ئىدى. شۇڭا، بىز ھېسامدىن ئىبارەت خەلق قىزىقچىسىنى تىكلەش، تىكلىگەندىمۇ قىسمەن ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا تىكلەشنى ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ ئاقىلانە ئىش دەپ قارىغاندۇق. ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوف بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەنىدى:

— توپلىغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى هازىر ھېسامنىڭ نامى بىلەن چىقمىۋەرسۇن، ماخمۇت، هازىرقى ۋەزىيەتتە پۇرسەت غەنىيمەت، مۇھىمى ھوسۇلنىڭ ھەممىسىنى قويماي خامانغا يىغىش كېرەك، دېمىنى كېيىن ئالدىرىماي ئايرىۋالساقمۇ ئۈلگۈرىمىز!

ئىلى ۋادىسىدا تونۇلغان قىزىقچى، ناخشىچى، «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق بىر يۈرۈش كىتابقا كۆپلىگەن چاقچاقلىرى كىرگۈزۈلگەن روزى ئابدۇۋەلى مۇنداق دېگەنىدى:

— مەن شەخسەن نەشر قىلىشقا بولىدىغانلىكى چاقچاقلىرىمنى ھېسامكامغا ئۆتۈنۈدۈم، ئۇكا. غۇلجىدا چاقچاقچىدىن تولا نېمە يوق، سىز بىر جېنىڭىزغا ھەممىمىزنى تىكلەپ بولالمايسىز، ئۇنىڭدىن كۆرە، ياخشىسى ھەممىمىزگە ۋاكالىتەن ھېسامكامنىلا تىكلەڭ!

«ھېسام چاقچاقلىرى» دىن ئۈچ كىتاب نەشىردىن چىقتى. ئىشقىيار نامەتمۇ ئاللىقاچان «رەھمەتلىك» لەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. مېنىڭ كۆڭلۈم بىر ئىش توپىلى بارغانسېرى بىئارام بولىۋاقتا ئىدى. بۇ كۆنلەردە مەن ئىشقىيار نامەتنىڭ ئاجايىپ قىزىقارلىق لەتىپىلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز ۋە تولۇق توپلاپ نەشىر قىلدۇرۇپ، خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان بۇ پاراسەتلىك قىزىقچىنىڭ ھەيكىلىنى ئۆز پېتى تىكلەش ئارزۇسىغا ئىختىيارىمنى بەرگەن ھەمدە شۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغانىدىم. ئىپتىماقچى، ئىشقىيار ئاكا ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى مەن بۇ ھۆرمەت ساھىبىنى ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بۇرادەرلىرىم ئارقىلىق سىرتتىن بىرنەچچە قېتىم «زىيارەت» قىلغانىدىم، يەنى تونۇشلۇق بەرمەي، تونۇشماي تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاجايىپ كىنايىلىك، يىلتىزلىق پاراڭلىرىنى ئاڭلىدىم. سەۋەبى مەن ئۇ كىشىنى ئۆز گېپىگە باشقىچە ۋە ئالاھىدە دىققەت قىلغان

ئادەملەردىن قورۇنىدۇ ، دەپ ئاڭلىغانىدىم . مىلىڭ ئەپسۇس ، زامان ئوڭشىلىپ مەن بۇ گەپ ئۈستىسى بىلەن رەسمىي دىدارلىشىپ ، تونۇشۇپ ، مۇددىئايىمنى ئېيتىپ ، رازىلىقىنى ئالغان ئاساستا گۆھەردەك پاراڭلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ خاتىرەمگە ئەلتۈكۈس ، تولۇق قوندۇرغۇچە ئەجەلنىڭ ئاقىۋەت ھەممىمىزنى چەتتە قويمايدىغان چاڭگىلى ئۇنى ئارىمىزدىن مەڭگۈلۈككە ئېلىپ كەتتى . مەن چوڭقۇر ئۆكۈنۈش ۋە ئەپسۇس ئىلكىدە ئۇنىڭ تونۇش - بىلىش ، يېقىن - يورۇقلىرىنى ئىزدەپ ، ئۇ ھايات چېغىدا كۆپ يۈرىدىغان ئەڭ ئاددىي جامائەت سورۇنلىرىغىچە ئارىلاپ ، كۆپلىگەن كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ ، ئەسلىشىپ ، نىھايەت مەرھۇمنىڭ قىسقىچە ئۆمۈر بايانى ، ئۇ ھەقتىكى قىسمەن ئەسلىمىلەر ، يېگىدىن - يېڭى ، بىر - بىرىدىن قىزىق گەپلىرى بىلەن دەپتىرىمنىڭ بەتلىرىنى بېزەشكە باشلىدىم .

ئىشقىيار نامەت 1891 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزىۋات ناھىيە قىزىل بويى يېزىسىدا كەمبەغەل ھۈنەرۋەن (سوپۇنچى) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1958 - يىلى ئۇ ئۆز ئائىلىسىنى ئېلىپ غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ ، سوپۇنچىلىق ۋە قاسساپلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن . 1981 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى توقسان يېشىدا غۇلجا شەھىرى 2 - رايون تاجىباي مەھەللىسىدىكى قورۇسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن .

ياشلىقىدىن تارتىپ قىزىقچىلىق ، ھەجۋىيچىلىكنى ئۆزىگە خۇسۇسىيەت قىلىپ سىڭدۈرگەن ئىشقىيار نامەت تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلىپ ، ئۆز ئەتراپىدىكى خەلق ئارىسىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرۇپ كەتتى . كىشىلەر ئۇنىڭ يىلتىزى تېرەن ، مەنىلىك ، شۇنداقلا ئىنتايىن سىلىق يۇمۇر ئىچىگە يوشۇرۇنغان پاراڭلىرىنى ئاڭلىغاندا ، خۇددى نەسرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنى ئاڭلىغاندەك ھېسسىياتتا خىيالغا چۆمۈپ قالاتتى ۋە ئاندىن ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشەتتى . بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا باشقىلار

تارتقان جەبىرلەردىن ئۇمۇ «نېسىۋىسىز» قالمىدى . ئۇ جان بېقىش يولىدا قىلغان ھالال كەسپى ۋە ئوقتى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان»لىق قالپىقى بىلەن تارتۇقلىنىپ، ئاتالمىش «ئۆگىنىش كۇرسى»دا كۆپ رىيازەت چەكتى . لېكىن، شۇ كەملەردە يېشى يەتمىشتىن ھالقىغان ئىشقىيار نامەت ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىشقا سېلىپ، ئاقىلانە پىكىر يۈرگۈزۈپ، زوراۋانلىقنى مەسخىرە قىلدى . بىگۇناھ پۇقرالارغا جەبىر - زۇلۇم سالىدىغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە ساختا تەشۋىقات تېزىسلىرىنى ئىخچام، چۈشىنىشلىك بىرنەچچە جۈملە ھەزىل بىلەنلا ئېچىپ تاشلاپ، ئاتالمىش «سىياسەتچى»، «نەزەرىيىچى»، «قابىلىيەتلىك تەشۋىقاتچى»لارنى ئوڭايسىز ھالەتتە قالدۇرۇپ، خەلقنىڭ دەرد - پىغانىنى چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇرت، خەلق ئالدىدا تېخىمۇ شۆھرەتلەندى . ئىشقىيار نامەتنىڭ لەتىپىلىرى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ كەڭ تارالدى ۋە شاخلاندى . ھەربىر لەتىپىچى، قىزىقچىغا ئوخشاش ئۇمۇ تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە، بولۇپمۇ پۇقرالارغا تەپەككۇر كۆزىنى تىكىپ، ھەزىل تامچىسىنى ئويناتتى، ئاجايىپ مەنىلىك پاراڭلىرىنى، بەدىئىيلىكى يۇقىرى لەتىپىلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەندى . بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى توي - تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرىدا خۇددى نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، ھېسام چاقچاقلىرىدەكلا تىلغا ئېلىنىدۇ، كۈلكە پەيدا قىلىدۇ، كىشىلەرنى خىيالغا، قايىللىق تۇيغۇسىغا سالىدۇ . يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ قىسمەن لەتىپىلىرىنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشى بۇ خىل يىلتىز تارتىش، قانات يېيىشنى تېخىمۇ زورايتتى ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى .

ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى يەنە داۋاملىق كۆپىيەمدۇ، شاخلىنامدۇ؟ شۇنداق، خۇددى نەسىرىددىن ئەپەندى، موللا زەيدىن، سەلەي چاققان، ھېسام قۇربان قاتارلىق لەتىپىچى، قىزىقچىلارنىڭ پاراڭلىرىغا ئوخشاش، ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرىمۇ بېيىپ، ئۆلگىيىپ بارىدۇ، سەۋەبى لەتىپە، چاقچاق فولكلورغا مەنسۇپ،

فولكلورنىڭ ياراتقۇچىسى، بېيىتقۇچىسى خەلق. خەلق ئۆزىگە ياققان نەرسىنى ياشنىتىدۇ، شاخلىتىدۇ، ئۆزى ئەجىر سىڭدۈرۈپ بۇ خەزىنىنى بېيىتىدۇ.

«دۇردانە لەتىپىلەر» ناملىق بۇ كىتابىمغا ئۆزۈم يېقىنقى يىللاردىن بېرى توپلىغان ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى رەتلەپ كىرگۈزدۈم. ئېيتماقچى، «ھېسام چاقچاقلىرى»نىڭ ئالدىنقى ئىككى قىسمىغا ئەينى ۋاقىتتا «ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن» (بەزىلەرنىڭ ئىبارىسى بويىچە ئېيتقاندا) ئون نەچچە لەتىپىمۇ بۇ دورەم «سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ» مۇشۇ كىتابقا كىرگۈزۈلدى. يەنە مەرھۇم سابىرجان سادىق «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا «ئىشقىيار پىكىرلىرى» نامى بىلەن ئېلان قىلغان لەتىپىلەردىن ئون ئۈچىمۇ مۇشۇ كىتابتىن ئورۇن ئالدى.

ئاخىرىدا ئېيتىدىغىنىم شۇكى، ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى خۇددى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەزىنىمىزدىكى باشقا لەتىپىچى، قىزىقچىلارنىڭكىگە ئوخشاش داۋاملىق قېزىلىشى، توپلىنىشى ۋە رەتلىنىشى ھەمدە كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى، فولكلور خەزىنىمىزدىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشى لازىم. بۇ شەرەپلىك خىزمەتنى ئىشلەش ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىمىز.

## نەزم

تۇغۇلغان ئۆلەر، كۆر، قالۇر، بەلگىسىز،
سۆزۈڭ ياخشى بولسا، ئۆزۈڭ ئۆلگۈسىز.
كىشىدىن كىشىگە مىراس سۆز قالۇر،
مىراس سۆزنى تۇتساڭ، يۈز پايدا بولۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

## ئۆيۈپ كەتتىم

قوشنىسىنىڭ ئوغلى ئۆتكۈزگەن بەزمىنىڭ ئاخىرى هويلىدا تانسا ئويناشقا ئۇلاشتى. بىرنەچچە قىلىقسىز يىگىتنىڭ قالايمىقان پىـــرقىرىشىپ، هەدەپ «ئۆيۈپ كەتتۇق، ئۆيۈپ كەتتۇق» دەپ ۋارقىراشلىرىدىن غىجىقى كەلگەن ئەشقىيار نامەت، بىر چاغدا تانسا مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ مىدىرلىماي تۇرۇۋالدى.

— ئەشقىياركا نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى قوشنىسىنىڭ ئوغلى بىر چاغدا ئۇنىڭدىن هەيران بولۇپ. شۇ سوئالنى كۈتۈپ تۇرغان ئەشقىيار مىدىرلىماي تۇرۇپ چۈشەندۈردى:

— ئاغىنىلىرىڭىز ئۆيۈشنى بىلمەيدىكەن، ئۇلارغا ئۆيۈشنى كۆرسىتىپ قوياي دەپ، پىرقىرغۇچتەك ئۆيۈپ كەتتىم.

## يېڭى شەيئى ۋە كونا كادىر

ئەشقىيار نامەتنى قىزىقچى دەپ ئاڭلىغان بىر دېلىغۇل يىگىت ئۇنىڭغا تۇتامسىز چاقچاقلارنى قىلىۋەردى. خېلىغىچە ئۈنچىقمىغان ئــەشــقــىيار ئاخىر ئۇنى ئىككى - ئۈچلا ئوخشىتىۋىدى، يىگىت چىدىيالماي ۋارقىرىدى:

— يېــڭــى شــەيئىلەرنى چۆكۈر، دەپ كىم ئېيتتى ساڭا؟

ئەشقىيار چاقچاق بىلەن جاۋاب ياندۇردى:

— كونا كادىرلارنى كولاڭلار دېگەن هۆججەتنى كىم بەردى ساڭا؟

## تۇتىدىغان يەر قالمىسۇن

مەهەللە خەلق ئەسكەرلىرى ئۆگىنىش كۆرسىغا كىرىپ قالغان

ئەشقىيار نامەتنى تولا نوقۇپ ـ سىلكىپ تارتىشتۇرۇپ ، تازىمۇ قىينىغۋەتتى . شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەشقىيار كادىردىن رۇخسەت سوراپ ساتىراشخانىغا كىردى ـ دە ، ساتىراش چاچ ـ ساقىلىنى ئېلىپ بولغاندىمۇ ئورنىدىن قوپماي ئولتۇرىۋەردى .

— ئەشقىياراخۇن تۇرسىلا ، چاچ ـ ساقالنى ئېلىپ بولدۇم .

— ئەشقىيار ساتىراشقا بۇيرۇدى :

— قۇلىقىمنىمۇ كېسىۋېتىڭ !

ساتىراش ئەجەبلەندى :

— نېمىشقا ؟

ئەشقىيار نامەت ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى :

— خەلق ئەسكەرلىرى تۇتقۇدەك يەر قالمىسۇن دەيمىنا !

## پىچاق ئۆتمىسە

بىر ئايال باشلىق ئەشقىيارغا هال ئېيتتى :

— ئايال كىشى باشلىق بولسا قاملاشمايدىكەن ، پىچىقىم كەسمەيدۇ .

ئەشقىيار نامەت هېلىقى ئايالغا كۆيۈنگەندەك قىياپەتتە مەسلىهەت بەردى :

— پىچاق ئۆتمىسە ، قايچا بىلەن كېسىڭ !

## ئۆزۈڭ نېمە دېگەن

ئەشقىيار نامەت يېڭى ئۆيلەنگەن يىللىرى بىرنەچچە قېتىم مەشرەپتىن كەچ قايتىپ تامدىن ئارتىلىپلا چۈشۈۋىدى ، ئايالىنىڭ ئاچچىقى كەلدى :

— تامنى شورا قىلغۇچە دەرۋازىنى ئۇرسىڭىز مەن ئېچىپ بەرمەيمەنمۇ !

بىر كۈنى ئەشقىيارنىڭ هويلا تېمى ئۆرۈلۈپ كەتتى . يېرىم

كېچىدە ئۆيگە قايتقان ئەشقىيار دەرۋازىنى قاقتى. ئايالى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ چىقىپ كايىپ كەتتى:
— تام ئۆرۈلۈپ كەتكەندەكلا، ئادەمنى ئاۋارە قىلماي، شۇ يەردىن كىرىۋەرسىڭىز بولماسمىدى؟
— ئۆزۈڭ تامدىن ئاتلىماي، دەرۋازىنى قېقىشىڭ دېمىگەنمىدىڭ، — دېدى ئەشقىيار نامەت ئايالىغا دەررۇ.

## جىمى تەرخەمەكنى...

كۆكتاتچىلىق قىلىۋاتقان ئەشقىيار نامەت تومۇزنىڭ ئىسسىقىدا سولىشىپ كېتىۋاتقان تەرخەمەكلىرىگە سۇ سېپىۋېتىپ، نېرىدا تىككىدە قېتىپ تۇرغان پوستىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، سورىدى:
— دائىم مۇشۇنداق تىككىدىلا تۇرامسەن؟
— شۇنداق، — دېدى پوست قامىتىنى بۇزماستىن، — بۇ مېنىڭ ۋەزىپەم ـ دە!
— بارىكاللا، — دېدى ئەشقىيار ھەۋەس بىلەن، — جىمى تەرخەمەكنى سەندىنلا ياسايدىغان گەپ ئىكەندۇق!

## خىجىل بولۇپ چىقىپ كەتتى

بىر يىلى ئەشقىيار نامەتنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىردى.
ئەشقىيار ھەدەپ قازاننى قومۇرۇۋاتقان ئوغرىنىڭ كەينىدىن ئاستا كېلىپ:
— تۇۋۇقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ ـ ھە! — دېۋىدى، ئوغرى چۆچۈگىنىدىن ئالدى ـ كەينىگە قارىماي تالاغا ئۆزىنى ئاتتى.
— ئوغرىنى تۇتۇۋالمىغىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى ئايالى كايىپ ئۇنىڭغا. ئەشقىيار دېدى:
— تۇتۇپ نېمە قىلاي، ئۇنىڭسىزمۇ خىجىل بولۇپ چىقىپ كەتتى!

## تەشكىلسىز قالماي دەپ

مەھەللىگە چۈشكەن كادىرلار قىيىن ـ قىستاق بىلەن ئېغىز ئاچۇرماي، ئىشقىيار نامەتنى ئەكسىلئىنقىلابچىغا چىقاردى. ئارقىدىنلا بىر كادىر ئۇستەلگە مۇشتلاپ ۋارقىرىدى:

— ئىشقىيار، ئېيتە، نېمە ئۈچۈن ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتناشتىڭ؟!

يولسىزلىقتىن زەردىسى قايناغان ئىشقىيار جاۋاب بەردى:

— تەشكىلسىز قالماي دەپ.

## «كەتتىمۇ»نى كۆردۈم

بازاردا ئوقەت قىلىۋاتقانلارنى جۇسادۇيدىكىلەر تۇتۇپ پاراكەندە قىلىۋەتتى. بازار سەل تىنچلانغاندا ئىشقىيار نامەت ماللىرىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كېلىشىدە يولدا ئۇچرىغان بىر يىگىتتىن: «كەتتىمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، يىگىت ئىشقىيارنىڭ بىلىكىدىن كاپلا تۇتۇپ جۇسادۇي ئىدارىسىگە ئېلىپ كەتتى.

ئاخشىمى كۆز باغلىنار چاغدا مەھەللىگە قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەن ئىشقىيار نامەتنى كۆرگەن قوشنىلىرى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئىشقىياراخۇن، سىلىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ دېيىشىۋاتاتتى، نەگە باردىلا، نېمىلەرنى كۆردىلە؟

— كۆرگەننى سورىماڭلار، — دېدى ئىشقىيار شۇ چاغدا، — ھېچقايسىڭلار كۆرمىگەن «كەتتىمۇ»نى كۆرۈپ كەلدىم.

## قۇرۇغاندا بارسۇن

ئىشقىيار نامەت يېزىغا چۈشكەندە ئادەمنى ئىشلىتىشنىلا بىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالمايدىغان بىر باشلىقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ يېرىم كېچىگىچە زەيكەش يەردە ئىشلەپ، لايغا

مىلىنىپ قايتىپ ، ئەتىسى ئەتىگەندە يۇيۇقلۇق كىيىملىرىنىڭ قۇرۇشىنى كۈتۈپ ئۆگزىدە ئولتۇراتتى ، تالادىن باشلىقنىڭ ئىشقا ھەيدەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۆزىگە سوئال نەزىرىدە قارىغان ئايالىغا ئىشقىيار ئۆگزىدە تۇرۇپ ئېيتتى :
— چىقىپ باشلىققا : «ئىشقىيارنى يۇيۇپ ئۆگزىگە يېيىپ قويدۇم ، قۇرۇغاندا بارسۇن» دېگىن .

## ئىشقىيارنىڭ جاۋابى

زاۋۇت مۇدىرى ئىقتىدارسىز بولغاچقا ، ئىشچىلار ئالدىدا ئىناۋىتىنى يوقاتقانىدى . شۇ سەۋەبتىن ئادەتتىكى بىر بۆلۈم باشلىقى زاۋۇتنى سورايتتى . بىر قېتىم مۇدىر ئىشقىيار نامەت ئىشلەۋاتقان سېخقا كىرىپ ، قۇرۇق گەپ سېتىپ ئولتۇردى . بىر چاغدا ئۇ ئىشقىيارنىڭ ئالدىدىكى بوياق قاچىلانغان بوتۇلكا بىلەن قۇرۇق بوتۇلكىنى بارمىقى بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ چەككىنىچە سورىدى :
— ئىشقىيار نامەت ، بىلەمسىز ، نېمىشقا ماۋۇ قىلىدۇ پوك - پوك ، ماۋۇ قىلىدۇ جاڭ - جاڭ ؟
ئىشقىيار دەرھال سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب ياندۇردى :
— مۇدىر ، سىز نېمىشقا چاپىسىز سوك - سوك ، بۆلۈم باشلىقى سۆزلەيدۇ جاڭ - جاڭ ؟

## ئاكوپ كولاپ قويدۇم

ئىشقىيار نامەتنى «ئۆگىنىش كۇرسىغا» چاقىرتىۋالغان كۈنى ، قاپىقى يامان كادىر ئۇنىڭغا بۇيرۇدى :
— ئەتە سېنى كۇرسقا تارتىمىز ، ئىدىيەڭدە پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ قوي !
— بولىدۇ كادىر ئەپەندى ، — دېدى ئىشقىيار دەررۇ ، —

خاتىرجەم بولسىلا، مېڭەمگە ئاكوپ كولاپ قويغىلى نەۋاخ.

## خېرىدارغا ساتماي

ئىشقىيار نامەت ئاشخانىغا كىرىپ بىر سائەتتىن ئارتۇق تۇرۇپ قولىدىكى تالونغا سامسا ئالالمىدى، يېڭى سامسىلار ئۇدۇللۇق ئىچكىرىكى ئۆيگە توشۇلۇۋاتاتتى.

— ئۇستام، — دېدى ئىشقىيار تەخىر قىلالماي، — تۈنۈگۈنمۇ يېڭى پىشقان سامسىلارنى ۋاڭ جۇيجاڭلار يېگەنىدى، بۈگۈن يەنە نېمىشقا ئىچكىرىگە ئۈزىتىلا؟

— بۈگۈنكىسىنى ئا جۇيجاڭلار يەۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى سامسىپەز كۈلۈمسىرىگىنىچە.

— بارىكاللا، — دېدى ئىشقىيار نامەت، — خېرىدارغا تاماق ساتمىز دەپ ئاۋارە بولماي، ئاشخانىنى تاقاپلا ئا جۇيجاڭ، ۋاڭ جۇيجاڭلارغا سامسا پىشۇرۇپ يۈرىۋەرسەڭلار بولاتتىكەن!

## نەرىگنى ئوخشىتىمەن

پۈتۈن بەدىنى پاتقاقتا مىلەنگەن بىر مەست يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىشقىيار نامەتنى تونۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالدى:

— ئىشقىياركا، مېنى راسا بىر ئوخشىتە!

— ئۆزۈڭ يەتكۈچە ئوخشاپ بوپسەن، ئىنىم، — دېدى ئىشقىيار مەستكە، — مەن ئەمدى يەنە نەرىگنى ئوخشىتىمەن!

## ئىككى ئەرۋاھنى كېپىل قىلىپ

بازاردىن يانغان ئىشقىيار نامەتكە مەست ۋە باش - كۆزى يېرىلغان قوشنىسى يولۇقتى، ئىشقىيار ئۇنى يۆلەپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ، يارىسىنى تاڭدۇردى، كېيىن ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى.

يولدا ئېڭىكىگىچە ئاپئاق داكا بىلەن تېڭىلغان مەستنى كۆرگەن بىرنەچچە مويسىپىت سورىدى :

— ئەشقىيارئاخۇن ، كىم بۇ ئۆزى ؟

— بۇ ئۆلۈك ، — دېدى ئەشقىيار شۇ چاغدا ، — ئىككى ئەرۋاھنى كېپىل قىلىپ ، بۇنى ئورۇق - تۇغقانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگىلى ئۇ دۇنيادىن ئېلىپ كېلىۋاتىمەن .

## ئاشلىق يۆتكەش كادىرى

ئەشقىيار نامەتنى بىر يىلى كادىرلار ھېلى يېزىغا چۈشۈرۈپ ، ھېلى شەھەرگە ياندۇرۇپ كېلىپ ، ئوتتۇرىلىقتا نورما ئاشلىقنى ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا ، بۇ ياقتىن - ئۇ ياققا توشۇغىلى سېلىپ ، كۆپ ئاۋارە قىلدى . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆشنىسىگە يېرىم مىشكاپ قوناقنى ئارتىپ يېزىدىن كىرىۋاتقان ئەشقىيارنى بىراۋ يولدا كۆرۈپ قېلىپ سورىدى :

— ھە ئەشقىيار نامەت ، خېلى بولدى كۆرمەيمىز ، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز ؟

— ئىشىم كاتتا ، — دېدى ئەشقىيار تەرىنى سۈرتۈۋېتىپ ، — يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلارنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇ يىل ئاشلىق يۆتكەش كادىرى بولۇپ قالدىم .

## بالنىست ۋە تۇرمە

ئەشقىيار نامەت ئاغرىپ بالنىستتا يېتىپ قالدى . سېستىرانىڭ قوپاللىقى يۈرىكىگە تەگكەن ئەشقىيار بىر كۈنى ئەتىگەنلىك تەكشۈرۈشتە باش دوختۇردىن سورىدى :

— دوختۇر ئەپەندىم ، مەن ھازىر بالنىستتىمۇ ياكى تۇرمىدىمۇ ؟

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز ؟ — دېدى باش دوختۇر ھەيران

بولۇپ .

ئـــىشقىيار نامەت قىزىرىپ كەتكەن سىستراغا لاپپىدە نەزەر تاشلاپ قويۇپ دىدى :

— ئـاق خـالاتـلـىق سـاقـچىلارنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراپ دەيمەن ـ دە !

## قاتىل

ئىشقىيارغا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن ساراڭقىتىش بىر كىشى ، بىر قېتىم ئۇ ئۆيىدە يوق چاغدا كېلىپ :

— ئىشقىيار ئۇنداقچى ، مۇنداقچى ، بۈگۈن ئۇ ئۆيدە بولغان بولسا ، ئۆلتۈرەتتىم ، — دەپ بىر توقاي تىللاپ كېتىپ قاپتۇ .

بـىـرنـەچـچـە كـۈنـدىـن كـېـيـىن ئىشقىيار نامەت ھېلىقى ساراڭقىتىشنى كوچىدا كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە ، تۇتۇۋاپتۇ :

— يۈر ھەي قاتىل ، ساقچىخانىغا !

— نـېـمـــشقا ؟ — دەپتۇ چۆچۈپ ساراڭقىتىش ، — نېمە گۇناھىمغا ؟

— نېمە گۇناھىمغا دەيسەنغۇ ، — دەپتۇ ئىشقىيار ئۇنى بەكرەك كـۈچـەپ سـۆرەپ ، — مەن يوق چاغدا ئۆيۈمگە كېلىپ ، مېنى ئۆلتۈرۈپ كېتىپسەنغۇ !

## ئوخشاشلىقنىڭ سەۋەبى

دائىم خوتۇن ئېلىپ ـ قويۇۋېتىشكە ئادەتلەنگەن بىر كىشى ئىشقىيار نامەتتىن چاقچاق ئارىلاش سورىدى :

— ئايالىڭىز ئۆزىڭىزگە ئوخشاپ كېتىدىكەن ، ئـەسـلـىـي ئۇرۇق ـ تۇغقان بولمىغىيدىڭلار ؟

— ئەسـلـىدىمۇ تۇغـقـان ئـەمـەسـتۇق ، — دىدى ئىشقىيار نامەت ، — بىراق بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ ،

يـىگىرمە ـ ئوتتۇز يىلنى ئۆتكۈزسە ، بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن .

## نەۋرەم قانداق ئادەم

نەۋرىسى ئۆلۈپ كەتكەن بىراۋ زاراتگاھلىقتا مەھەللە چوڭلىرىدىن بولغان ئىشقىيار نامەتتىن سورىدى :

— تەقسىر ، مېنىڭ نەۋرەم قانداقراق ئادەمدىكىن ؟

ئىشقىيار نامەت جاۋاب بەردى :

— نەۋرىڭىز تالا ـ تۈزگە چىقمىغۇدى ، قانداق ئادەملىكىنى ئاپىسىدىن سوراڭ !

## «ئۆگىنىش كۈرسى» شۇنداق بولسا

مەھەللىدە ئېچىلغان «ئۆگىنىش كۈرسى»غا بىرىنچى بولۇپ كىرگەن ئىشقىيار نامەت ، دەسلەپكى كۈنلا ناھەق تاياقنى خېلى يەۋالدى . ئەتىسى كادىرلار باشلىقى ئۇنى سوراق قىلدى :

— ھە ئىشقىيار ، «ئۆگىنىش كۈرسى»مىزدىن قانداق تەسىرات ئالدىڭ ، ئېيتە !

— قالتىس تەسىرات ئالدىم ، — دېدى ئىشقىيار دەرھال ، — «ئۆگىنىش كۈرسى» مۇنداق بولىدىغان بولسا ، دوزاختىن قورقۇپ نېمە قىلىدۇ ؟

## پۇۋدەپ ئۆچۈرۈۋەتسە

«شام ـ چىراغ» دېگەن لەقىمى بار بىر ئادەم ئىشقىيارغا پو ئاتتى .

— سىلىنى گەپچى دەيدۇ ، ئەمما مېنى ئوخشىتالمايلا !

— سىلىنى ئوخشىتىش ئوڭايغۇ ، — دېدى ئىشقىيار

ئېرەنسىزلا . ھېلىقى ئادەم قىزىشتى :
— قېنى ، قانداق ئوخشىتىلا ؟
ئەشقىيار دېدى :
— پوۋدەپلا ئۆچۈرۈۋەتسەك ئوخشىمامدىلا !

## ئاغرىش

ئاپتوبۇستا ئەشقىيار نامەتنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان قىز ئاپتوبۇس سىلكىنىپ توختىغاندا ، مۇدۇرۇلۇپ تىزىنى تۆمۈرگە ئۇرۇۋالدى ـ دە ، ئىڭرىغان ئاھاڭدا :
— ئەييۇ ! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى . ئەشقىيار نامەت قىزغا قاراپ كۆيۈنگەن تەلەپپۇزدا سورىدى :
— نېمە بولدى قىزىم ، بىر يەرلىرىڭىز خەنزۇچە ئاغرىپ كەتتىمۇ ؟

## ئاپتوبۇسنىڭ تېرىسى

ناغرا كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇستىن ئالدىراپ چۈشۈۋاتقان ئەشقىيار نامەتتىن بىر كىشى ئەزمىلىك بىلەن سورىدى :
— تاغا ، ناغرىنىڭ تېرىسى نېمىنىڭ تېرىسى ؟
ئەشقىيار توختىماستىن قايرىلىپ ھېلىقى ئەزمىگە ئاپتوبۇسنى شەرەت قىلىپ دېدى :
— ئاپتوبۇسنىڭ تېرىسى !

## بۇ لەگمەنى

ئەشقىيارنىڭ بىر بۇرادىرى ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي بىرنەچچەيلەن بىلەن قوشۇپ ئۆيىگە ئاپاردى . مۇز چىراي ساھىبخانا ئايال دوقۇلداپ يۈرۈپ مېھمانلارغا بىر چىنىدىن سۇيۇقئاش ئېتىپ

بەردى ، كېيىن يوقلاڭ ئىشنى باھانە قىلىپ ، ئېرى بىلەن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا سوقۇشۇپ كەتتى . خىجىل بولغان مېھمانلاردىن بىرى ئىشقىيار نامەتكە قارىدى :

— ئىشقىياركا ، ئەمدى بۇ نېمىسى ؟

— نېمىسى بولاتتى ، — دېدى ئىشقىيار ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ، — بايىقىسى سۆيۈقئېشى ، مۇنۇسى بولسا لەگمىنى ، بۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئادىتى شۇنداق .

## قېرىشمىغان سەن قالدىڭمۇ

ئىشقىيار كىچىك ۋاقتىدا ئاپىسى ئۇنى زورلاپ روزا تۇتقۇزدى . روزىنىڭ بىرىنچى كۈنىلا ئىشقىيارنىڭ قورسىقى چۇش بولار - بولماستىن ئېچىپ ، غۇرقىراپ كەتتى . ئۇخلاپ باقسىمۇ ، ئويناپ باقسىمۇ بولمىغان ئىشقىيار ، بىرى ئېسىلىۋالغاندەك ئاستا مېڭىۋاتقان تام سائىتىگە بىر قارىۋېلىپ ، ئانىسىغا ئاڭلىتىپ ۋارقىرىدى :

— مەن روزا تۇتماستا يوگۇرۇپ ماڭاتتىڭ ، ئەمدى مەن بىلەن قېرىشمىغان سەن قالدىڭمۇ ؟

## چاقچاقنىڭ ئىشتىنى

ئاغزى تولىمۇ بېزەپ بىر يىگىتنىڭ كەينىدىن ئىشقىيار نامەت ۋارقىرىدى :

— هاي ئىنىم ، ئىشتىنى چۇشۇپ قالدىغۇ ، كۆتۈرۇۋېلىڭ !

ئاغزىنى بۇزۇپ كېتىۋاتقان يىگىت سۆز ۋە قەدىمىنى چىپپىدە توختاتتى - دە ، ئۆزىگە سەپسېلىپ :

نېمىنىڭ ئىشتىنى چۇشۇپ قالدى ؟ — دەپ سورىدى . ئىشقىيار دەرھال جاۋاب بەردى :

— چاقچىقىڭىزنىڭ ئىشتىنى .

## هارۋام قەيەردە پىشۋاتىدۇ

هارۋا بىلەن گۆشلىرىنى تارتقۇزۇپ قويغان ئىشقىيار نامەت ئىسيانچىلارنىڭ قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ ، بىر كاتتىباشقا يالۋۇرۇپتۇ :

— بالام ، مەن ئۇششاق باللىق ئادەم ، تىرىكچىلىك قىلىمەن دەپ بىر قوينى سويۇپ سېتىۋاتاتتىم ، سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز ئېلىپ كەتتى . رەھىم قىلىپ قايتۇرۇپ بەرسىڭىز .

— ھەي قاراڭغۇ بازارچى ، ھايانكەش ئۇنسۇر ، — دەپ ۋارقىراپتۇ باشلىق ، — سەن تېخى قايتۇرۇپ بېرىڭلار دەمسىنا ؟ گۆشىڭنى مۇسادىرە قىلدۇق ، قازاندا پىشۋاتىدۇ . ماڭ يوقال ، ھېلى بىكار…

— رەھمەت بالام ، — دەپتۇ ئىشقىيار نامەت ، — گۆشۇمغۇ قازاندا پىشۋېتىپتۇ ، بىراق بىلىۋېلىپ كېتەي ، هارۋام قەيەردە پىشۋاتىدۇ ؟

## ئۆزلىرى كولاپ

ئېگىز بىنانىڭ ئۇستىدىكى بەش - ئالتە دانە يوقىرى ئاۋازلىق كاناي بازاردىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى بېسىپ ۋارقىرىماقتا ئىكەن :

— هازىر بەزى هايانكەش ئۇنسۇرلار يەنىلا تەپ تارتماي ، سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلىنى كولىماقتا ، ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بېرىش كېرەك…

ئىشقىيار نامەت يېنىدىكى يوشۇرۇن ئوقەت قىلىۋاتقان بىرنەچچەيلەنگە كانايىنى ئىشارە قىلىپ دەپتۇ .

— لەخمە كولايمىز دەپ ، ھەممە بىنانىڭ ئۇلىنى ئۆزلىرى كولاپ ، تېخى بىزنىڭ دەككىمىزنى بېرىدىكەن - دە !

## باللار تەرەپتە تۇراي

كىچىدە ئۆيگە كىتىۋاتقان ئىشقىيار نامەتنى بىر توپ ئىسىيانچىلار تۇتۇۋېلىپ ، سوراق قىلدى :

— كىچىدە نىمە قىلىپ يۈرسەن ، نەگە ماڭىدىڭ ؟

— باللىرىم ، مەن ئۆيۈمگە كىتىۋاتقان ئادەم .

— سەن قايسى كۆز قاراشتا ؟

— مەن باللىرىمنى بېقىش كويىدا .

— ھىم ، سەن قىېرى ئىنقىلابچىلار تەرەپتە تۇرماي ، دۈشمەن تەرەپتە تۇرىدىكەنسەن ـ دە ؟ — دەپ چالۋاقاپتۇ ئىسىيانچىلار .

ئىشقىيار نامەت دەپتۇ :

— يوقسۇ باللىرىم ، مەن ھەرگىز دۈشمەن تەرەپتە تۇرالمايمەن . باللىرىم ئۇششاق دەڭلار ، جەزمەن باللار تەرەپتە تۇرىمەن !

## ئاشكارا ساتسام تۇتۇۋالغاچقا

يوشۇرۇن تىجارەت قىلىۋاتقان ئىشقىيار نامەتنى تۇتۇۋالغان ئىسىيانچىلار سوراپتۇ :

— نىمە ئۇچۇن ھايانكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىسەن ؟

— باشقا ئىش ـ ئوقەتلىرىم بولمىغاچقا ، — دىدى ئىشقىيار .

— نىمە ئۇچۇن مالنى يوشۇرۇن ساتتىڭ ؟ — سوراقچىدىن بىرى گۈركىرىدى . ئىشقىيار نامەت چۈشەندۈردى :

— ئاشكارا ساتسام تۇتۇۋالغاچقا .

## پايدا چىقمىسا

بىر ئادەم ئىشقىيار نامەتتىن سوراپتۇ :

— جازانىخور ئۆلسە دوزاخقا كىرەرمۇ ياكى جەننەتكىمۇ ؟

ئەشقىيار نامەت جاۋاب بېرىپتۇ :
— ئاۋۋال جەننەتكە كىرىپ باقىدۇ ، ئۇ يەردە پايدا چىقمىسا ، ئاندىن دوزاخقا كىرىدۇ .

## مۇنداق ئېغىشىسىز

ئەشقىيار نامەت بازاردا سېتىقچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، بىر خېرىدار ئۇنىڭ قولىدىكى چاپاننى ئېلىپ كىيىپ ، چاپاندىن ئېۋەن تېپىشقا كىرىشىپتۇ :
— ئۇكا ، چاپان كەڭمۇ نېمە ؟
— تازا دەل كەلدى ، ئېلىڭ ، — دېيىشىپتۇ كۆزىتىپ تۇرغانلار .
— پېشى چاتاقراق ئوخشايدۇ ، — دەپتۇ خېرىدار پەس ئېغىشىپ ، — مانا ، مانا دېمىدىمۇ ، پېشى قاچىدىكەن…
— قىزىقكەنسىز بۇرادەر ، — دەپتۇ ئەشقىيار نامەت شۇ چاغدا ، — مۇنداق ئېغىشىسىز پېشى تۇرماق ، ئىتمۇ قاچىدۇ .

## ئىچىدىكىسى

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تەشۋىقات ئەترىتىدىكىلەر ئەشقىيار نامەتتىن مەلۇم بىر بۇرادىرىنىڭ مەسىلىسىنى كۆپ قېتىم سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ ، ئەشقىيار نامەت : «ھېچنېمە بىلمەيمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ .
بىر كۈنى كادىرلاردىن بىرى ئۇنى چاقىرتىپ ، ئۇزاق ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ ، ئاندىن يەنە ھېلىقى بۇرادىرىنىڭ مەسىلىلىرىدىن بىلگىنىنى پاش قىلىشقا زورلاپتۇ .
— زادى نېمىنى دەيلا ، كادىر ئەپەندى ؟ — دەپتۇ ئەشقىيار نامەت بىر چاغدا چۈشەنمىگەندەك .
— ئاغىنەڭنىڭ ئىچىدىكىنى دەيمەن ، ئىچىدىكىنى ، — دەپتۇ

كادىر ئىشقىيارغا يېقىنراق ئولتۇرۇپ .
— ھە ، مۇنداق گەپمىتى ! — دەپتۇ ئىشقىيار نامەت ئەمدىلا چۈشەنگەندەك ، — راستىنى ئېيتسام ، مەن ئۇنى كۆرگەندە ، ئىچىدە تېرە پىنجەك بار ئىدى .

## ئوبدان مەسلىھەت

ئىشقىيار نامەتنىڭ خوتۇنى ناھايىتى تېرىككەك بولۇپ ، ھەدېسىلا سوقۇشۇپ ، ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىدىكەن .
بىر كۈنى خوتۇنى ئىشقىيار نامەتكە كۆڭلەك تىكىپ بەرمەكچى بولۇپ ، ئۇنىڭ بويى ، يېڭىنى ئۆلچەشكە باشلاپتۇ . ئۆلچەپ بويىنىغا كەلگەندە ، ئىشقىيار نامەت دەررۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ :
— بولدى خوتۇن ، ياقامنى ئۆلچەپ ئاۋارە بولما ! — دەپتۇ .
— ھوي ، نېمىشقا ؟ — ھەيران بوپتۇ خوتۇنى .
— ياقىسىنى خالىساڭ كىچىك تىكىۋەر . — دەپتۇ ئىشقىيار نامەت پەرۋاسىزلا ، — ئىككى قېتىم ئېسىلساڭ ، ئۆزى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ .

## ئوك سۆزلەپ

بىراۋ ئىشقىيار نامەتتىن سورىدى :
— ئىشقىيارئاخۇن ، مۇشۇ ئوكچىلار نېمىشقا ئوكچى بوپقالدىكىنا ؟
ئىشقىيار نامەت جاۋاب بېرىپتۇ :
— شۇ ئوك سۆزلەپ...

## قوياش ئىككى

مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىللىرىدە ئىشقىيار نامەتنىڭ

مەھەللىسىدىكى بىر دېھقان ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپتۇ :
— ئىككى يىل بولدى ، بۇغدايلىرىمىز كۆيۈپ كېتىپ بارىدۇ دېسىلە ، بۇ نېمە ئىشتۇ ؟
— نېمە ئىش بولاتتى ، — دەپتۇ ئىشقىيار نامەت دېھقانغا چۈشەندۈرۈپ ، — ھازىر قۇياش ئىككى بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ !

## قەي دورىسى

بىر بىمار ئىشقىيار نامەتتىن سوراپتۇ :
— مىجەزىم يوق ، تېۋىپقا بارسام ، ئەتەي قەي قىلىشنى بۇيرۇۋىدى ، قانداق قىلسام بولار ؟
— بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي ، — دەپتۇ ئىشقىيار نامەت ، — ھازىر دوختۇرخانىغا بېرىپ ئوكۇل سالغۇزۇڭ . ئوكۇلنى شۇنداق ئۇرىدىغان سېستراالار باركى ، شۇ ھامان قەي قىلىۋېتىسىز .

## ئوڭلايمەن دەپ

قوشنىلاردىن بىرى ئىشقىيار نامەتكە خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ :
— ماۋۇ ئارقا كوچىدىكى ئەمەت ئاخۇن كەنجى ئوغلىنىڭ بېشىنى ئوڭلايمەن دەپ تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ .
ئىشقىيار نامەت ئەجەبلەنگەندەك بېشىنى چايقاپتۇ :
— خېلى زېرەك بالىدەك قىلاتتى ، ئالدىراپ ئوڭلايمەن دەپ ، بۇزۇۋالمىغىيدى !

## ئاغىنىلىرىمنى دەپ بېرەيمۇ

دۇپىگەيدە كادىرلا ئىشقىيار نامەتنى چاقىرىپ ، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پاش قىلىشقا

بۇيرۇپتۇ .
— نېمە دېدىلە ؟ — دەپتۇ ئەشقىيار نامەت قۇلىقىنى كادىرغا يېقىن ئەكېلىپ . كادىر ۋارقىراپ دەپتۇ :
— تەشكىلات بىلەن بولغان ئالاقەڭنى دەپ بەر !
ئەشقىيار نامەت جاۋاب بېرىپتۇ :
— كادىر ئەپەندى ، تەشكىلات ئاخۇننى تونۇمايدىكەنمەن ، باشقا ئاغىنىلىرىمنى دەپ بېرەيمۇ ؟

## يەنە سۆزلەمسىز

ئەشقىيار نامەت :
— ئەترەت باشلىقى يەنە سۆزلەمسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ ، — نېمە قىلاتتىڭ ؟ — دەپتۇ ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلگىنىگە ئاچچىقى كېلىپ .
— يەنە سۆزلىسىڭىز ، ئۆيگە بېرىپ يوتقان - كۆرپىنى ئەكېلىۋېلىپلا ، خاتىرجەم ئاڭلايمىكىن دەيمىنا ! — دەپتۇ ئەشقىيار نامەت .

## مېنىڭ ئورنۇمغا

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا مەھەللىگە كەلگەن كادىرلار «ئۆگىنىش كۇرسى»غا ئادەم يىغىپ ، ئەل قاتارىدا ئەشقىيار نامەتنىمۇ ئەكىرىۋاپتۇ . بىر كۈنى كادىرلاردىن بىرى ياتاققا كىرىپ سوراپتۇ :
— ئاراڭلاردا كىمنىڭ ساتىراشلىقتىن خەۋىرى بار ؟
ئاردىن بىرەر كىشىنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلمىغىنىنى كۆرگەن ئەشقىيار نامەت كادىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ :
— كادىر ئەپەندى ، مېنىڭ قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ دېسىلە ، شۇڭا مېنى چىقىرىۋېتىپ ، ئورنۇمغا بىرەر ساتىراشنى

ئەكىلىۋالساڭلار قانداق؟ — دەپتۇ.

## يەر نىمە ئۈچۈن تەۋرەيدۇ

بىر كىشى ئىشقىيار نامەتتىن سوراپتۇ:
— يەر نىمە ئۈچۈن تەۋرەيدۇ، بىلەملا؟
سوئال سورىغۇچىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى ياخشى بىلىدىغان ئىشقىيار نامەت جاۋاب بېرىپتۇ.
— تەخسكەشلەر دۈم چۈشۈپ، تەخسىسى سۇنسۇن، دەپ.

## ئەترەتنىڭ قارىشى

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ كاساپىتىدىن ئەترەت ۋە ئەزالار نامراتلىشىپ كېتىپتۇ. سالامەتلىكى ناچار ئىشقىيار نامەتمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالماپتۇ. بىر قېتىم يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلاردىن بىرى پارالىق ئارىسىدا ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
— قانداق تاغا، ئەترەت سىزگە ئانچە ـ مۇنچە قاراپ تۇرۇۋاتقاندۇ؟
— قارىمامدىغان، — دەپتۇ ئىشقىيار نامەت، — قەرزگە تۆلىتىۋالغۇدەك نېمىسى باركىن، دەپ پات ـ پات ئۆيگە كىرىپ قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ.

## ھەيرانلىق

بىر دىۋانە ئىشقىيار نامەتنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپتۇ ـ دە، ئۆيدىن چىققان ئىشقىيار نامەتكە قاراپ:
— ھەي ماڭە، يۇمشاق ناندىن ئاچىقە، — دەپتۇ.
— يائاللا! — دەپتۇ ئىشقىيار نامەت ھەيران بولۇپ، — نان سورىشىڭ بۇنداق بولسا، نان بېرىپ قالساڭزە، ئىش بار ئىكەن ـ دە!

## ئازاد قىلىمىز دەپ...

بىر توپ ئىسيانچى : «ئىسيانچىلارنى ئازاد قىلىمىز» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ . ئىشقىيار يىڭىدىكىلەرگە ئىسيانچىلارنى شەرەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ :

— ئازاد قىلىمىز ، دەپ يۈرۈپ ، بار ـ يوقىمىزنى يەپ بولدى ، ئەگەرچەندە «ئازاد قىلمايمىز» دېگەن بولسا ، تىرىك جاننى قويمايدىكەن ـ دە !

## قەلەم تېگىپ كەتكەندۇ

پېشانىسىدىن قان ئېقىۋاتقان بىر كىشى بوينىغا تاختاي ئېسىلغان ھالدا كونا مەشنىڭ قاپقىقىنى تاراڭشىتىپ بازار ئارىلاپ :

— مەن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار ، — دەپ كېتىۋاتقانىكەن ، بازاردىكى كىشىلەر :

— ھەي ، بىچارە مۇدىرنى يەنە ئۇرۇپتۇ ـ دە ! — دېيىشىپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ . شۇ يەردە تۇرغان ئىشقىيار نامەت خەقلەرگە چۈشەنچە بېرىپتۇ :

— ئۇنداق دېمەڭلار ، ھازىر ئەلەم كۆرىشى ئەمەس ، قەلەم كۆرىشى قىلىدىغان چاغ تۇرسا ، ئۇرمىغاندۇ ، كىچىك باتۇرلارنىڭ قەلىمى تېگىپ كەتكەندۇ !

## نېمە قىلىۋاتاتتىم

«ئۆگىنىش كۆرسى »دىكىلەرنى تاغقا ئاچىقىپ ، ئىككى ئاي ئۇزمەي ئەمگەككە سالغان دۇپىگەي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بىر كۈنى ئادىتى بويىچە ياتاقتا يىغىن ئېچىپ ، «ئەكسىلئىنقىلابچى »لارغا ئەجەللىك زەربە بېرىش توغرىسىدا چىڭقىلىپ سۆزلەۋېتىپ ، توساتتىن ئىشقىيار نامەتنىڭ گەپكە قۇلاق

سالماي كۆڭلىكىنى تىنتىتۋاتقىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە ، گېپىدىن توختاپ ۋارقىراپتۇ :

— ئىشقىيار ، نېمە قىلىۋاتىسەن ؟

— نېمە قىلىۋاتاتتىم ، — دەپتۇ ئىشقىيار بەخۇدۇك هالدا ، — ئىككى ئايدىن بېرى دىقسىراپ كەتكەن «ئەكسىلئىنقىلابچى» لارغا ئەجەللىك زەربە بېرىۋاتىمەن .

## يېڭى دەۋرنىڭ ساقىلى

مەھەللىدىكى ئىسيانچىلار ئىشقىيار نامەتنى توسۇۋېلىپ ، ساقىلىنى چۇشۇرمەكچى بوپتۇ . ئىشقىيار نامەت ئۇلارغا :

— نېمە ئۇچۇن ساقىلىمنى چۇشۇرۇسىلەر ، ساقالدا نېمە گۇناھ بار ؟ ئۇنداق قىلماڭلار··· دەپ يالۋۇرغانىكەن ، ئۇلار — بىز تۆت كونىنى بۇزىمىز ، شۇڭا سېنىڭ ساقىلىڭنى چۇشۇرىمىز ، — دەپتۇ . ئىشقىيار نامەتمۇ بوش كەلمەي :

— مېنىڭ ساقىلىم ئازادلىقتىن كېيىن قويۇلغان ، شۇڭا تۆت كونىغا كىرمەيدۇ ، — دەپتۇ - دە ، يولىغا كېتىۋېرىپتۇ .

## چوڭ خەتلىك گېزىت بازىرى

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ ياسالغان ياغاچ تاختاي ئۆيلەر ، ھەر خىل پوتەيلەر ، كوچا بويلاپ قويۇلغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەر··· پىيادە يول مېڭىشنىمۇ قىيىنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ ، ھەممە يەردە كانايلاردا شوئار ياڭراپ ، ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپتۇ . ئىشقىيار نامەتنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتۇۋېلىپ بىللە كېتىۋاتقان ئون ياشلاردىكى ئوغلى دادىسىدىن سوراپتۇ :

— دادا ، بۇ نېمە بازار ؟

ئىشقىيار نامەت بالىسىغا چۇشەندۇرۇپتۇ :

— بالام ، بۇ چوڭ خەتلىك گېزىت بازىرى .

## «جوۋا بار» دېمە

«ئۆگىنىش كۇرسى»دىكى ئىشقىيار نامەتنى يوقلاپ كەلگەن خوتۇنى ئۇنىڭغا دېدى :

— بۇ يەر بەك زەي ئىكەن ، جوۋىنى ئەكېلىپ بېرەيمۇ ؟ ئاستىلىرىغا سېلىپ ياتسىلا…

ئىشقىيار ئاچچىقى بىلەن پىچىرلىدى :

— هوي ئەخمەق ، هەرگىز جوۋا بار دېمە ، مۇنۇ كادىرلار ئاڭلاپ قالسا ، مېنى قىشچە قويۇپ بەرمەيدۇ .

## چوڭ خەتلىك گېزىت ئوخشىدى

ئىشقىيار نامەتنىڭ يېزىلىق بۇرادىرى ئۇنى يوقلاپ كېلىپ ، دەرد ئېيتتى :

— بۇ يىل سەھرادا هېچنېمە ئوخشىمىدى…

ئىشقىيار ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى :

— نېمىگە كۆڭلۈڭنى بۇزىسەن ، بۇ يىل هەممىلا يەردە ئوخشاش ، لېكىن چوڭ خەتلىك گېزىت ئوخشىدى .

## ئاتاتتىڭمۇ

«ئۆگىنىش كۇرسى»دا ئىشقىيار نامەت سوراققا تارتىلدى :

— تەركىبىڭ نېمە ؟

— كەمبەغەل .

— قانداق كەمبەغەلسەن ؟

— باشقا كەمبەغەللەر قانداق بولسا ، مەنمۇ شۇنداق كەمبەغەل ، بالام .

— هەي ، تۈزۈك جاۋاب بەر ، قىرىق يەتتىنچى ، قىرىق سەككىزىنچى ، قىرىق توققۇزىنچى يىللىرى قانداق مۆلۈكلىرىڭ بار ئىدى ؟

— پاھ ، ئۇ چاغلاردا قولۇمدا ئون سەككىز مو يەر ، تۆت ئۆكۈز ، ئالتە قوزىلىق قوي ، سوقار سايمانلار ۋە يەنە سوپۇن قاينىتىدىغان چوڭ قابىر قازان بار ئىدى .

سوراقچى ئۇستەلنى قاتتىق ئۇرۇپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە دېۋەيلەپ ۋارقىرىدى :

— شۇنچە مال - مۈلۈك بىلەن يەنە كەمبەغەلمۇ سەن ؟

ئىشقىيار نامەت كادىرغا جاۋاب ياندۇردى :

— يائاللا كادىر بالام ، شۇ چاغلاردا سەن بولغان بولساڭ ، ئاتاتتىڭمۇ ؟

## قورقماڭ ، ئەزرائىل

بىلىگە قىزىل لاتا باغلىغان بىر توپ ئىسيانچى مەھەللىگە كىلىپ چۇقان - سۈرەن بىلەن ماشىنىدىن چۈشۈپتۇ . ئىشقىيار نامەتنىڭ يۈرىكى ئاجىز قوشنىسى بۇنىڭدىن قورقۇپ سوراپتۇ .

— يائاللا ئىشقىيار ئاخۇن ، نېمىلەر بۇ ئۆزى ؟

— قورقماڭ قوشنام ، ئەزرائىل ، — دەپتۇ ئىشقىيار نامەت دەررۇ .

## بۇنىڭمۇ مۇئاۋىنى تېگىپتۇ - دە

ئىشقىيار نامەت قىزىپ - مۇزلاپ نەچچە كۈنگىچە ئاغرىپ ، ئاخىر دوختۇرغا بېرىپتىكەن ، دوختۇر ئىككى سائەتچە ھەر خىل تەكشۈرۈپ ، ئاندىن ئۇنى «فۇشاڭخەن» دەپتۇ . ئىشقىيار خەنزۇچە گەپنى چۈشەنمەي ، نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان ياش بالىدىن سوراپتىكەن ، چالا تەرجىمان يىگىت :

— مۇئاۋىن كېزىك بوپسىز ، تاغا ، — دەپ تەرجىمە قىلىپ بېرىپتۇ .

— يائاللا خۇدايىم ، — دەپتۇ ئىشقىيار نامەت ياقىسىنى تۇتۇپ ، — باشقا نەرسىنىڭ يەتمىگەندەك ، ئەمدى كېسەللىنىڭمۇ مۇئاۋىنى تېگىپتۇ ـ دە ، بىزگە !

## قىزىل كېكىردەكتىن يەتتىسى بار

ئۇستەلدە سۇرلۇك قىياپەتتە ئولتۇرغان باشلىقى ئىشقىيار نامەتتىن سوراشقا باشلىدى :

— ئۆيۈڭدە قانداق مۇلۇكلىرىڭ بار ؟

— تۆۋەنقى بولمىسىمۇ بىر قازان ، سەل قارىدىغان بىر كورا ، لىڭشىپ تۇرىدىغان بىر شىرە ، بىر چاي چۆگۈنى ، ئالتە ـ يەتتە چىنە... — ئىشقىيار نامەت ساناشقا باشلاپتۇ . باشلىق تېرىكىپ گۇركىرەپتۇ :

— تولا قۇۋلۇق قىلماي ، يوغان ـ يوغانلىرىنى دە ، بولمىسا...

— بولىدۇ كادىر بالام ، تازا يوغانلىرىنى دەي ، سىزمۇ ئايرىم قەغەزگە يېزىپ قويۇڭ ، — دەپتۇ ئىشقىيار نامەت دەررۇ ، — ئۆيۈمدە ئىشقىياردىن نان ئېلىپ يەيدىغان قىزىل كېكىردەكتىن يەتتىسى بار .

## مەيدان ئايرىش

«ئۆگىنىش كۇرسى»نىڭ ياتاقلىرىنى ئارىلاپ يۈرگەن باشلىق يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغان ئىشقىيار نامەتنى كۆرۈپ ، ئەنسىزلىك بىلەن سورىدى :

— هەي ، نېمە قىلماقچىسەن ، نېمىشقا كۆڭلىكىڭنى سېلىۋەتتىڭ ؟

ئىشقىيار مىيقىدا كۈلۈپ دېدى :

— نېمە قىلاتتىم ، كادىر ئەپەندى ؟ كۆڭلىكىمنىڭ چېگراسىغا كېلىۋالغان سىنىپىي دۈشمەنلەر ئاغدۇرمىچىلىق قىلىپ ، كېچىچە يانتۇزمىدى ، شۇلاردىن مەيدان ئايرىغىنىم…

## سىلەرگە ئاتاپ تىكەن تېرىسام بوپتىكەن

مەھەللىدىكى ئىسيانچىلار ئىشقىيار نامەتنىڭ قورۇسىغا بېسىپ كىرىپ ، ئۇنىڭ ئون نەچچە تەشتەك گۈلىنى چېقىۋېتىپتۇ . ئاچچىقىنى باسالماي قالغان ئىشقىيار ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ سوراپتۇ :

— هوي باللار ، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار ، چىرايلىق گۈللەردە نېمە گۇناھ بار ؟

ئىسيانچىلارمۇ ئۇنىڭغا سوئال قويۇپتۇ :

— سەن نېمە ئۈچۈن بۇرژۇئازىيىنىڭ گۈلىنى ئۆستۈردۈڭ ؟

ئىشقىيار نامەت ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ شۇنداق دەپتۇ :

— سىلەرگە ئاتاپ تىكەن تېرىسام بوپتىكەن ـ دە !

## ئوخشاش «زىيالىي» ئىكەنمىز

يېزىغا بالىسىنى يوقلاپ چىققان ئىشقىيار نامەت بالىسىغا كايىپتۇ :

— نېمىشقا پات ـ پات خەت يېزىپ ، بىزنى خاتىرجەم قىلمايسەن ؟

— قاملاشتۇرۇپ خەت يازالمايدىكەنمەن ، — دەپتۇ ئوغلى .

— ئون يىل ئوقۇپ سالام خەت يازالمىساڭ ، — دەپتۇ ئىشقىيار نامەت ، — ئىككىمىز ئوخشاش «زىيالىي» ئىكەنمىز .

## مەن قانداق يازاي

ئىشقىيار نامەتتىن گۆش ئالغان خېرىدار ئۇنىڭدىن تالون

يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى .
— بالام ، مەن تالون يازالمايمەن ، — دېدى ئىشقىيار .
— ھەي ، مۇنچە سومغا گۆش ساتتىم دەپمۇ يازالماسىز ؟
— ئىنقىلاب جەريانىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مۇنۇ بالام يازالمايدىيۇ ، مەن قانداق يازاي ؟ — دېدى ئىشقىيار نامەت يېنىدىكى يىگىرمىگە يېقىنلاپ قالغان ئوغلىنى كۆرسىتىپ .

## كادىرغا تەگمەيدىغان بومبا

شەھەر ئاھالىسىنى يېزىغا تارقاقلاشتۇرۇش خىزمىتى باشلىنىپ ، يىغىندا باشلىق تەشۋىقات تېزىسى بويىچە : «ھازىر ئۇرۇش بولۇش ئېھتىمالى بەك يېقىن ، ئۇرۇش بولسا ، بومباردىمانچىلىق بولىدۇ . شۇڭا ، خەلقنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئامانلىقنى ساقلاش كېرەك…» دەۋاتقانىكەن ، ئىشقىيار نامەت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، مۇنداق دېدى :
— پاھ ، مانا قاراڭلار ، ئۇرۇش بولسا مۇشۇ شەھەرگە چۈشىدىغىنى كادىرغا تەگمەيدىغان بومبىكەن - دە ، ئۇ !

## تۇزىتىپ قويۇش

ئىش توختىتىپ ئۆگىنىش قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئىشچى كادىردىن سورىدى :
— ئىنقىلاب قىلدۇق دەپ ، ئىش توختاپ قېلىۋاتىدۇ . قاچان ئىشقا چۈشىمىز ؟
— ئىنقىلاب ئۈچۈن ھەرقانداق ئورۇن ئىشنىڭ توختاپ قېلىشىدىن قورقماسلىقى لازىم ! — كادىر ۋارقىرىدى . ئىشقىيار نامەت دەرھال كادىرنىڭ گېپىگە لوقما سالدى :
— خاپا بولماي ھازىرقى گەپنىڭ كىچىككىنە يېرىنى

تۆزىتمۇالىسىڭىز ، يەنى «ھەرقاندىق ئورۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «ئۇن زاۋۇتتىن باشقىسى» دەۋەتسىڭىز تازا ئوبدان بولاتتى !

## ئۈچ تالاق ئەمەسمۇ

ئىشقىيار نامەت ئۆيلەنمەكچى بوپتۇ . تويلۇق چاي ئاپىرىلغان كۈنى ئۇ ئۆيدە يالغۇز خىيالغا چۈشۈپتۇ :

خــوش ئىشقىيار ، مانا ئۆيلىنىسەن ، مۇبادا ئالغان ئايالىڭ جايىدا چىقىسىغۇ نانۇ گۆش . ئەگەر «ئۇرۇش دېسە يەڭنى تۇرۇش» دېسە ، قانائەتچان بولماي ، يوقنىڭ جېدىلىنى قىلسا ، ئەلنىڭ ئالدىدا ئۇيات ، ئۆلۈم ئەمەســمــۇ ! نــە مــۇھــەببەتنىڭ ، نە تۇرمۇشنىڭ لەززىتى...

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئىشقىيار نامەت ۋارقىرىۋېتىپتۇ :

— بولدىلا ، مۇنداق خوتۇننى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتىم !

## يۆلەش

قېــرىــپ كــۈچــىدىــن قــالغان ئىشقىيار نامەتتىن مەھەللە باشلىقلىرى زادىلا خەۋەر ئالمايتتى . بىر كۈنى يوقىرىدىن كەلگەن بىر كادىر سورىدى :

— ئــىــشــقــىــيــاركــا ، مــەھــەلــلە كومىتېتى سىزنى يۆلەپ تۇرىدىغاندۇر ؟

— يۆلەيدۇ ئۇكام ، يۆلەيدۇ ، -- دېدى ئىشقىيار دەررۇلا ، — چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتكىنىمدە ، «قېرىنى ماشىنا سوقۇۋەتمىسۇن» دەپ مۇدىرنىڭ باللىرى قولتۇقۇمدىن يۆلەيدۇ .

## مەنمۇ قىز تېرىپ قويدۇم

كــەمــپۇت ئالاي دەپ ، ماگىزىنغا كىرگەن ئىشقىيار نامەت

كەمپوت ئالالماي ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى . چۈنكى ، مال ساتقۇچى يىگىت ھە دېسىلا قىز - چوكانلارنىڭ قولىدىكى پۇلنى ئېلىپ ئەركەكلەر تەرەپكە قارىمايتتى .

— ئىنىم ، — دېدى بىر چاغدا ئىشقىيار نامەت ئۇ يىگىتنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ ، — مەنمۇ بۇ يىل بېغىمدىكى بوش يەرگە قىز تېرىپ قويدۇم ، ھازىر ئىككى قۇلاق بولۇپ قالدى دېگىنە ، كەمپۇتتىن ماڭىمۇ بېرىۋېتەمسەنا ؟ !

## ئىككى پەنجىرىنىڭ ئوتتۇرىدا

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا جۇسادۇينىڭ ئاكتىپلىرى ئىشقىيار نامەتنى بازاردىن تۇتۇپ ، جۇسادۇي ئىشخانىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ . سوراقخانىدا ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا كۆزەينەكلىك ئىككى ئادەم كېلىپ ئولتۇرۇۋېپتۇ - دە ، بىرى سوراقنى باشلاپتۇ :

— ھە ھايانكەش ئىشقىيار ، ھازىر نەدە ئولتۇرغىنىڭنى بىلەمسەن ؟

— نېمىشقا بىلمەي ؟ — دەپتۇ ئىشقىيار نامەت دەرھاللا ، — ئىككى پەنجىرىنىڭ ئوتتۇرىدا ئولتۇرىمەنغۇ !

## سايراش

مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھەممىلا يەردە «پاش قىلىش» يىغىنلىرى كۆپىيىپ كەتتى . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىشقىيار نامەتنى يولدا ئۇچراتقان بىر تونۇشى سورىدى :

— ئوقەت قىلغاچ تۇردۇڭلىمۇ ؟

— ئوقەتنىڭ مەسلىھەتى يوق ، — دېدى ئىشقىيار ، — بىكار تۇرغۇچە دەپ ، سايرىغاچ تۇردۇق .

— قانداق سايراۋاتىسىلەر ؟

ئىشقىيار نامەت جاۋاب بەردى :

— هۆپۇپتەك سايراۋاتىمىز .

## ئالتۇن قوزۇق ئەمەس

ئىشقىيار نامەت يېزىدا يۇرگەن مەزگىللىرىدە دادىسىنىڭ «بالام ئىلاج بولسا يەر ئاچ ، يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق» دېگەن ۋەسىيىتىنى ئەسلەپ ، تاشلاندۇق شورتاڭدىن كىچىككىنە كۆكتاتلىق ئۆزلەشتۇرۇۋالغانىدى .

دۇپىگەي يىلى كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى ھېلىلا ئازغىنە يەرنى دەپ ، ئىشقىيار نامەتكە كۆرسەتمىگىنى قالمىدى . بىر قېتىملىق يىپەن يىغىنىدا ئىشقىيار ئۆزىنى تەكشۈردى :

— رەھمەتلىك ئاتام ئېيتقان زامانلار ئۆتۈپ كەتكەنىكەن ، يەر ئالتۇن قوزۇق ئەمەس ، تەتۈر قوزۇق بولدى…

## ئىككى جۇپ ئىشقىيارغا بىر غوجىيار

ئىشقىيار نامەت سودىسىنى تۈگىتىپ دۇكاندىن چىقىۋاتاتتى ، دائىم لاۋزا پاراڭ قىلىدىغان غوجىيار ئىسىملىك بىر تونۇشى ئۇچراپ قېلىپ :

— بەللى بۇرادەر ، ئىككى جۇپ ئىشقىيار ئاپسىلەر - دە ؟ — دېدى غوجىيار ئىشقىيارنىڭ قولىدىكى ئىككى جۇپ پايپاقنى كۆرۈپ .

— يوقسۇ بۇرادەر ، — دېدى ئىشقىيار نامەت يانچۇقىدىن دەررۇ بىر تامبالنى ئېلىپ ، — يەنە بىر غوجىيارمۇ ئالدىم .

## سىلىق تۇغۇپتىكەن

مەھەللىگە چۇشكەن كادىرلاردىن بىرى ئىشقىيار نامەتنى بازاردا كۆرۈپ قېلىپ ۋارقىرىدى :

— يىغىن دېسە بارمايسىز ، تۇتقىلى بولمايدىغان قانداق ئادەمسىز ؟

— كەچۈرىسىز كادىر ئەپەندى ، — دېدى ئەپەندى مىيىقىدا كۈلۈپ ، — ئانام مېنى ئاشۇنداق تۇتقىلى بولمايدىغان قىلىپ ، سىلىق تۇغۇپتىكەن .

## نېمىشقا تونۇمايمەن

دۇپپەگەي يىلى ئەپەندى نامەتكە ناھەق تۆھمەت قىلغان قوش پوقاقلىق بىر ئاكتىپ خېلى يىللاردىن كېيىن ، بازاردا ئۇچراپ قېلىپ ، لوللىق بىلەن سورىدى :

— ئەپەندىم ئاخۇن ، مېنى تونۇدىلىمۇ ؟

— نېمىشقا تونۇمايتتىم ، — دېدى ئەپەندى نامەت ، — مەن پۇدەپ قويغان ئىككى دوساق ئەنە ھېلىغىچە تۇرمامدۇ !

## يۇندى چاچرايدۇ

ئەپەندى نامەتنىڭ گەپلىرىگە مەستلىكى كېلىپ يۈرگەن بىر ئىخلاسمەن ئۇنىڭدىن سورىدى :

— مۇسۇلمان ئادەم قولىنى يۇيۇپ ، سىلكىسە نېمە بولىدىكىن ؟

ئەپەندى نامەت جاۋاب بەردى :

— يۇندى چاچرايدۇ .

## ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ

مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئەپەندى نامەتنى «قاراڭغۇ بازارچى» دەپ ماشىنىغا سېلىپ سازايى قىلدى . ماشىنا تۆت كوچىدا توختىغاندا ئەپەندىگە قارا چاپلىغان بىر چالا ئاكتىپ خالايىق ئارىسىدا تۇرۇپ توۋلىدى :

— ئىشقىيار نامەت ، ماشىنىغا چىقىپ قاپسىزغۇ ؟
— بەركاتىڭىزدا ، — دېدى ئىشقىيار نامەت كۈلۈپ ، — بىراق ئالدىرىماڭ بۇرادەر ، مۇشۇ ماشىنىنىڭ بېشى ئامان بولسا ، سىزمۇ چىقىپ قالىسىز ، ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ تۇرىدىغۇ !

## ئەجەبلىنىش

كوچىدا غەلىتە كىيىنىپ ، كاسىلىرىنى پۇسكايتىپ كېتىۋاتقان ئىككى يىگىتنى كۆرگەن ئىشقىيار نامەت قوشنىسىغا دېدى :
— قارىسىلا قوشنام ، ھۆكۈمەت تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇڭلار دېسە ، بۇ بالىلار «كۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇڭلار» دەپ ئاڭلىۋالدىمۇ نېمە ؟

## بىر بوتۇلكا هاراقتا…

ئىشقىيار نامەتنى «ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر» دەپ «ئۆگىنىش كۇرسى»غا ئەكىرىۋالغان خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئۇستەلنى مۇشتلاپ ، ئۇنى سوراق قىلدى :
— راستىڭنى ئېيتامسەن ، يوق ؟
— بىلسەملا ئېيتاي ، — دېدى ئىشقىيار نامەت .
— ئەمىسە ئېيتە قېنى ، مۇشۇ شەھەردە ساڭا ئوخشاش ئەكسىلئىنقىلابچىدىن نەچچىسى بار ؟
ئىشقىيار نامەت تەمتىرىمەي تۇرۇپ جاۋاب بەردى :
— بۇنى بىلمەن ، بىر بوتۇلكا هاراقتا قىرىق ئەكسىلئىنقىلابچى بار .

## مېڭىپ كەلدىم

تارقاقلاشتىڭ دەپ يىراق ناھىيىگە ئاپىرىۋېتىلگەن ئىشقىيار

نامەت ئۇزاق ئۆتمەيلا شەھەرگە يېنىپ كېلىۋالغانىدى ، بىر قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنى تۇتۇپ يىغىۋېلىش ئورنىغا ئاپاردى .

— نەدىن ئېقىپ كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى ئاچچىقى يامان باشلىق . ئىشقىيار نامەت دەرھال جاۋاب ياندۇردى :

— ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن ، باشلىق جانابلىرى ، مەن ئېقىپ كەلمىدىم ، تېكەسنىڭ يولىدا مېڭىپ كەلدىم .

## دەۋەتكەننى ئېتىۋاتىمىدۇ

دۇپىگەي كادىرلىرى ئىشقىيار نامەتنى سوراقسىزلا «ئۆگىنىش كۇرسى»غا ئەكىرىۋېلىپ ياتقۇزۇۋالدى .

— ئىشقىياركا ، — دېدى بىر كۈنى كادىرلاردىن ياخشىراق بىرى ، — دەيدىغان گەپ - سۆز بولسا دەۋېتىپلا قۇتۇلسىڭىز بولمامدۇ بۇ بالادىن ؟

— دەيدىغان گۇناھ قىلمىسام ، نېمىنى دەيمەن كادىر ئەپەندى ؟ — دېدى ئىشقىيار ئەجەبلىنىپ .

— قىزىقكەنسىز ئاكا ، — دېدى ھېلىقى كادىر ، — گۇناھ قىلمىغان بولسىڭىزمۇ : «ھەئە ، قىلدىم» دەپلا بۇ يەردىن چىقىپ كەتمەمسىز !

— سىزمۇ قىزىقكەنسىز ، — دېدى ئىشقىيار نامەت ، — دەۋەت ، دەۋەت دەپ ، دەۋەتكەننى ئېتىۋېتىپ بارمامدۇ ، ھازىر !

## ئۇنىمۇ چىقىرىۋېتىدۇ

ئىشقىيار نامەتنىڭ كىچىك بالىسى ئاغرىپ قالدى ، بالىغا دورا ئىچكۈزەلمىگەن ئانا ئىشقىيار نامەتكە قاراپ دېدى :

— بالىغا ئوكۇل سالغۇزمىساق بولمىغۇدەك…

— دورىچۇ ؟

— دورىنى ئىچكىلى ئۇنىمايدىكەن ، دائىم ئاغزىغا سالسام ،

ياندۇرۇپ چىقىرىۋېتىدۇ .
— ئەمىسە ئوكۇل سېلىشىمۇ بىھاجەت ، — دېدى ئەشقىيار نامەت ، — دورىنى ياندۇرۇۋەتكەن بالا ئوكۇلنىمۇ چىڭقىلىپ چىقىرىۋېتىدۇ !

## مۇشۇك توي

ئەشقىيار نامەتنى ملك بىر جېدەل بىلەن تۇغۇتلۇق كېلىننى يۆتكەپ ئەكېلىۋالغىنىنى ئاڭلىغان بىر تونۇشى بازاردا ئۇنىڭدىن سورىدى :
— بۆشۈك توي قىلىپ بەرگەنسىلەر ، بۇرادەر ؟
— شۇنداق ، — دېدى ئەشقىيار نامەت ، — يەپ تۇرۇپ يېمىدىم ، ئېلىپ تۇرۇپ ئالمىدىم ، دەيدىغان مۇشۇك تويىنى قىلىپ بېرىپ ، ئەكەلدۇق .

## مەيلى ئۆسۈۋالسىلا

دۇپىگەيدە ئەشقىيار نامەتنى شەخسىي قاسساپچىلىق قىلغىنى ئۈچۈن «ئۆگىنىش كۇرسى»غا ئەكىرىۋېلىشتى ، كادىر كۆپ قېتىم ئۇنى سوراق قىلدى :
— ھەي قېرى ، راستىڭنى ئېيتە ! — دېدى كادىر بىر كۈنى يەنە دەپتىرىنى ئېچىپ ، — مۇشۇ كەمگىچە جەمئىي نەچچە كالا ، نەچچە قوي سويۇپ ساتتىڭ ؟
— دېدىمغۇ ، ئون كالا ، ئون بەش قوي دەپ ، — دېدى ئەشقىيار مۇلايىملىق بىلەن :
— يالغان ئېيتما ! — كادىر شىرەگە پاققىدە بىرنى ئۇرغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .
— مەيلى غوجام ، — دېدى ئەشقىيار نامەتمۇ كادىر بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئۇنداق بولسا كالا يىگىرمە ، قوي ئەللىك

دەپ يېزىپ ، بىر ئۆسۈۋالسىلا !

## قىسىدىغان نەرسە

ئىشقىيار نامەت بىر كارخانىدا ئىشلىگەن چاغدا باشلىق ئۇنى خالىسا قوغلىۋېتىپ ، خالىسا چاقىرتىپ ، ئالا گەدەن قىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ يەنە گۇناھنى ئىشقىيارغا ئارتاتتى .

بىر قېتىم باشلىقنىڭ يەنە خۇيى تۇتۇپ قېلىپ ، بىر ئۇبدان ئىشلەۋاتقان ئىشقىيارنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋارقىراپ كەتتى :

— ھەي ئىشقىيار نامەت ، ئىشلىسەڭ قىسىپ ئىشلە ، ماقۇلمۇ ؟

ئىشقىيار نامەت باشلىقنىڭ گېپى ئاياغلاشقۇچە دەسلا تۇردى ـ دە ، تالاغا قاراپ ماڭدى . باشلىق ھەيران بولدى :

— ھە ، نەگە ماڭدىڭ ؟

— نەگە ماڭاتتىم ، — دېدى ئىشقىيار نامەت توختاپ ، — سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىدىكىدەك قىسىدىغان نەرسىنى ياسىۋېلىپ كېلىپ ئىشلەي دەيمەن !

## چۈش تەبىرى

تېتىقسىز بىر يىگىت ئىشقىيار نامەتتىن سورىدى :

— ئادەم چۈشىدە ھۆر ـ پەرىلەر بىلەن تاماشا قىلسا ، ئوڭىدا نېمە بولىدۇ ؟

ئىشقىيار جاۋاب بەردى :

— نېمە بولاتتى ئىنىم ، تامبال ھۆل بولىدۇ .

## خەۋىرىمغۇ بار ئىدى

كوچىدا كېتىۋاتقان بىر يىگىتنىڭ خۇددى قىزلاردەك

ياسىنىۋالغىنىنى كۆرگەن ئەشقىيار نامەت قاينىۋىدى، يېنىدا تۇرغان ناتونۇش بىراۋ لوقما سالدى:

— نېمە بولدىلا تاغا، هازىرقى يېڭى مەدەنىيەتتىن خەۋەرلىرى يوقمۇ؟

— ئۇنىڭدىنمۇ خەۋىرىم بار ئىدى، — دېدى ئەشقىيار نامەت، — لېكىن يېڭى مەدەنىيەتنىڭ مۇنچىۋالا تەرەققىي قىلىپ، ئوغۇل بالىنى قىز قىلىۋېتىدىغىنىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن.

## «كۆپسىمەك»دىن بىر كىلو

تاتلىق ـ تۈرۈم ئالغىلى دۇكانغا كىرگەن ئەشقىيار نامەت مال ساتقۇچى قىزغا گەپ ئاڭلىتالماي ئۇزاق تۇرۇپ قالدى.

— قىزىم مۇنۇ پىرەنىكتىن بىر كىلو بېرىۋەتسىڭىزچۇ! — ئەشقىيار ئاخىر قىزغا قاراپ ۋارقىرىدى.

— كۆپسىمەك! — قىز ئۆڭۈپ ۋارقىرىدى ۋە يېنىدىكى مال ساتقۇچى بىلەن پاراڭنى داۋام قىلىۋەردى. جەھلى چىققان ئەشقىيار نامەت قىزنىڭ يېنىغا باردى ـ دە، پۇل تەڭلەپ:

— مەيلى ئەمىسە، ئاشۇ «كۆپسىمەك»دىن بولسىمۇ، بىر كىلو بېرىۋېتىڭا، — دېدى.

## قېرىغاندا ياتىمەن دەپ

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە مەھەللە ئاكتىپلىرىدىن بىرى ئەشقىيار نامەتنىڭ ئۆيىگە بىر پارچە ئالاقە ئېلىپ كەلدى.

— نېمە گەپ؟ — سورىدى ئەشقىيار، — نېمە ئالاقە بۇ؟

— ئەتىدىن باشلاپ «ئۆگىنىش كۇرسى»دا ياتىدىغىنىڭىز توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش، — دېدى ئاكتىپ.

— ياتالمايمەن! — دېدى ئەشقىيار دەررۇلا. ئاكتىپ ئۆڭدى:

— نېمىشقا ؟
— مەن قېرىغاندا ياتىمەن دەپ مۇشۇ ھويلىنى مىڭ سومغا سېتىۋالغان ، مەشەدە ياتىمەن ! — دېدى ئىشقىيار نامەت خاتىرجەملىك بىلەن .

## شۇنىڭغىچە ئۇرۇۋالسۇن

بىر ساقچى يوقىلاڭ ئىشنى باھانە قىلىپ ، كوچىدا بىراۋنى ئۇرۇۋەتتى .

— يېڭى يىلدىن تارتىپ يېڭى قانۇن ئىجرا قىلىنىدۇ دەۋاتسا ، سەن نېمىشقا ئادەم ئۇرىسەن ؟ — دېدى تاياق يېگۈچى نارازىلىق بىلدۈرۈپ .

— مەيلى دەڭ ئىنىم ، — دېدى شۇ يەردە تۇرغان ئىشقىيار نامەت ، — يېڭى يىلغا خېلى بار ئەمەسمۇ ، شۇنىڭغىچە ئۇرۇۋالسۇن .

## مېنىڭ ساقىلىم...

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە قىزىل بەلگە تاقىغانلار يولدا كېتىۋاتقان ئىشقىيارنى توسۇۋالدى :

— ساقىلىڭ تۈت كونا ، قىرقىيمىز !

— نېمىشقا ؟ — دەپ ھەيران بولدى ئىشقىيار ، — مېنىڭ ساقىلىم نېمىگە تاقاشتى ؟

— ئىنقىلابقا — دېدى ئىسيانچىلار . ئىشقىيار تېخىمۇ ھەيران بولدى :

— شۇنچە چوڭ ئىنقىلابلارغا ماركس بىلەن ئېنگېلسلارنىڭ ساقىلى تاقاشماپتىكەن ، ئەجەبا ، سىلەرنىڭ ئىنقىلابىڭلارغا مېنىڭ ساقىلىم تاقىشىپ قاپتىمۇ ؟

## ئادەم چېلىۋاتىمىز

بىر سورۇندا كۆرەك بىر يىگىت سازنى ساز قىلماي ھەدەپ لاپ سۆزلەپ، خەقنىڭ پەيزىنى ئۇچۇردى.

بىر چاغدا ساھىبخانا تالادىن كىرىپ ئەھۋالنى بايقىدى ـ دە، ئەشقىيار نامەتكە كۆزىنى قىسىپ:

— ئەشقىياركا، ساز چېلىپ ئولتۇرساڭلا! — دېۋىدى، ئەشقىيار دەرھال قولىنى كۆتۈرۈپ:

— تىنچ... پەيزىنى بۇزماڭ ئىنىم، بىز ھازىر ئادەم چېلىۋاتىمىز! — دېدى.

## ئۆچىرەت ماڭا كەلگۈچە

ئەشقىيار نامەتنىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا تارتقان جاپالىرىدىن خەۋەردار بىرەيلەن بىر قېتىم:

— يائاللا ئەشقىيار ئاخۇن، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پېشقەدەملەرنى ئورىغا ئىتتىرگەندە، سىز قانداق قىلىپ ئامان قالغانتىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆچىرەت ماڭا كەلگۈچە ئۇ ئەبلەخلەر ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈپ بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئەشقىيار نامەت.

## كۈچۈك

مەھەللىگە چۈشكەن دۈپىگەي كادىرى ھەر كۈنى ئاممىنى يىغىۋېلىپ قۇرۇق كاسىلداپ، ھەممىنى بىزار قىلىۋەتتى. بىر قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ ناتىقلىق سەنئىتىنى ماختاپ، ئاخىرىدا ئەشقىياردىن سورىدى:

— ئەشقىياركا، مېنىڭ دوكلاتلىرىمنى ئاڭلىغاندا قالتىس جىم ئولتۇرۇپ كېتىسىز، راسا پەيز قىلىسىزغۇ دەيمەن؟

— ئۇنى بىر دېمەڭ ، — دېدى ئىشقىيار ، — بۇلتۇر بىر كۈچۈك بېقىپ قويۇۋىدىم ، كاساپەتنىڭ ئۇنى ئەرشكە يېتىدۇ ، سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىساملا ، شۇ كۈچۈكۈم يادىمغا كېلىپ ، ئولتۇرۇپ كېتىمەن .

## قاغىنىڭ ئاۋازى

خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى دائىم : «بىزگە بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇلبۇللىرى كېرەك ئەمەس» دېيىشنى ياخشى كۆرىدىكەن . بىر كۈنى ئۇ كوچىدىكى كانايدىن ئاڭلىنىۋاتقان «ئۆلگىلىك تىياتىر» ناخشىسىنى ماختاپ كېلىپ ، ئىشقىياردىن :
— دەپ بېقىڭا ، شۇ ناخشىنىڭ ئاۋازى نېمىنىڭ سايرىشىغا ئوخشايدۇ ؟ — دەپ سوراپتىكەن ، ئىشقىيار نامەت دەررۇ :
— قاغىنىڭ سايرىشىغا ، — دەپتۇ .
— ئەدەپسىز ، نېمە ئۈچۈن بۇلبۇلنىڭ سايرىشىغا دېمەيسەن ؟ — دەپ گۇركىرەپتۇ باشلىق تاتىرىپ .
— كەچۈرسىز ، — دەپتۇ ئىشقىيار پەرۋاسىزلا ، — بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى چەكلىۋەتكىنىڭىز ئۈچۈن ، سىزگە قاغىنىڭ ئاۋازى ياقسا كېرەك ، دەپتىمەن .

## ئىسيانچى بولدۇم

ئەلەم كۈرىشى ئەۋج ئالغان كۈنلەردە ئىشقىيار بىر كۈنى توساتتىنلا ئۆيىدىكى نەرسىلىرىنى چېقىپ ـ سۇندۇرغىلى تۇرۇپتۇ . بۇنىڭدىن ھەيران بولغان خوتۇنى :
— ھوي دادىسى ، ئايلىنىپ قالدىلىمۇ ؟ — دەپتىكەن ، ئىشقىيار نامەت پەخىرلەنگەن قىياپەتتە جاۋاب قايتۇرۇپتۇ :
— سەۋىيەڭ تازىمۇ ئارقىدا قاپتۇ ئاپىسى ، مەن بۈگۈن ئىسيانچى بولدۇم !

## ياچىۋەكنى دورىغۇچى

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» جەمئىيەتتە ھەر خىل يامان خاھىشلارنى يامرىتىۋەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىشقىيار نامەت كوچىدا كېتىۋاتسا، شەپكىسىنى قىڭغىر كىيىپ، قولىنى بېلىگە تىرىۋالغان بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىنى توساپتۇ.

— كىمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن ئىشقىيار ئەجەبلىنىپ.

— ئېقىمغا قارشى تۇرغۇچىمەن، — دەپتۇ ھېلىقى نوچى كۆرەڭلەپ.

ئىشقىيار سوغۇققىنا بىر كۈلۈپ دەپتۇ:

— ھە… ياچىۋەكنى دورىغۇچىمەن دېسەڭا!

## دەل جاۋاب

ئىشقىيار نامەت ئىشلەۋاتقان ئەترەتنىڭ كاتىپىشى بىر مەھەل ئويۇن — تاماشىغا بېرىلىپ، ئىشقىيارنىمۇ ئىش قىلغۇزماي «چاقچاق قىلىسەن» دەپ ئويۇن - تاماشىلارغا سۆرەپ يۈرديۇ، ئەمما تۇرمۇشى بىلەن كارى بولمىدى. بىر قېتىم ئىشقىيارنىڭ خوتۇنى يوقنىڭ جاڭجىلى بىلەن يامانلاپ كېتىپ قالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان باشلىق چاقچاقا يولەپ ئىشقىياردىن سورىدى:

— ئىشقىيارئاخۇن، چاقچاقچىنىڭ ئۆيىدە خوتۇن تۇرمامدۇ، نېمە؟

— توغرا دەيلا باشلىق، — دېدى ئىشقىيار نامەت دەررۇ، — چاقچاققا خوتۇن تۇرمايدىكەن ئەمەسمۇ!

## چەككەن زاۋۇت

مېھماندارچىلىقتا لەگمەن يېيىشىۋېتىپ، بىرەيلەن لەگمەننىڭ

خېمىرى ھەققىدە پاراڭ قىلدى :
— خېمىر غىچىرلايدىيا ؟
— چەككەن تۇگمەننىڭ ئۈنى ئىكەن ـ دە ، — دېدى ئىشقىيار نامەت .
— ياقەي ، — دېدى ساھىبخانا شۈئان ، — زاۋۇتنىڭ ئۈنى بۇ ، ماگىزىندىن ئەكەلدىمغۇ...
ئىشقىيار نامەت گېپىدىن يانمىدى...
— ئەمىسە ، چەككەن زاۋۇتنىڭ ئۈنى ئىكەن !

## كۆزىمىزنى يۇمۇپ...

مەھەللە ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ سۈيى بەكمۇ ناچارلاپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئىشقىيار چايخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى ، شاگىرت بالا سۇ ئەكېلىش ئۈچۈن چېلەك كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىپ ، قۇرۇق قايتىپ كېلىپ چايخانا خوجايىنىدىن :
— ئۇستام ، سۇ بەك پاسكىنا ئىكەن ، قانداق قىلىمەن ، — دەپ سورىۋىدى ، ئۇستىسى :
— ھېچ گەپ يوق ، كۆزۈڭنى يۇمۇپلا ئېلىۋەر ، — دېدى .
ئىشقىيار نامەت شۇ ئارىدا گەپ قىستۇردى :
— ئەكېلىۋەر بالام ، قايناتقان چېيىڭنىمۇ كۆزىمىزنى يۇمۇپلا ئىچىۋېرىمىز...

## تاماكا تۇتۇش

ئىشقىيار نامەت مال سېتىۋاتقاندا بىراۋ ئۇنىڭغا ھېجىيىپ بىر تال تاماكا تۇتۇپ :
— بۇرادەر ، بىرەر جۈپ كالاچ ئالغىلى بولارمۇ ؟ — دەپ سورىدى :
ئىشقىيار دەررۇ يانچۇقىدىن ئىككى فۇڭ ئاقچا چىقىرىپ

ھېلىقى كىشىگە سۇندى ـ دە ، دېدى :
— كەچۈرسىز ، يېقىندىن بېرى كالاچ كەلمىدى !

## كالا يىللىق

مەھەللە كومىتېتىنىڭ چوڭ يىغىنىدا يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرنىڭ گېپى تۈگىشىگە مەھەللە باشلىقى سۆز قىلىپ ، كادىرنىڭ گېپىنى تەكرارلىغىلى تۇردى .
— بۇ ئاداشنىڭ نېمە قىلغىنى ؟ — دەپ غودۇڭشىدى ئىشقىيار نامەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىرى ، — كادىرنىڭ سۆزىنى باشقىدىن دېگىلى تۇردىغۇ ؟
ئىشقىيار دېدى :
— بۇنىڭغا ئەجەبلەنمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، مەھەللە باشلىقىمىز كالا يىللىق ، كۆشەشنى ياخشى كۆرىدۇ .

## باقالمىغاننى ئالساڭ

ئەترەت تەقسىماتى تولىمۇ تۆۋەن بولۇپ ، ئەل قاتارى ئىشقىيار نامەتمۇ قەرزدار بولۇپ قالدى . قەرز قايتۇرۇش باشلانغاندا كادىرلار ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىردى ـ دە :
— ئىشقىياركا ، كالىنى بەرىبىر باقالمايسىز ، قەرزگە سۇندۇرۇپ بېرىڭ ، ئەكېتەيلى ، — دېدى .
— يوقسۇ ، — دېدى ئىشقىيار دەرھال ، — بۇ كالا بىز بىر ئائىلىنىڭ تىرىكچىلىك يۆلەنچۈكى ، باقالمايدىغىنىم ئۇ ئەمەس . باقالمىغاننى ئەكېتىدىغان بولساڭلار كالىنى ئەمەس ، تۆت بالىنى ئەكېتىڭلار .

## يەنە تۇمۇ تېگىپتۇ ـ دە

مەھەللىنىڭ خېلىلا مۆتىۋەر بىر ئادىمى پات ـ پاتلا يۈز ـ

كـۆزى پـوكـاندەك قـىزارغان هالدا دەلدەڭشىگىنچە مەھەللىگە قايتىدىكەن ـ دە ، سورىغانلارغا :
— تۇمۇ تېگىپ قالدى ، — دەپلا قويىدىكەن .
بـىـر قـېـتـىـم ئـىـشقىيار نامەت ھېلىقى مۆتىۋەرنى بازار ئـاشـخـانـىـسىدىن ئۇلپەتلىرى بىلەن دەلدەڭشىپ ، يىتىلىشىپ ، قىزارغان پېتى چىقىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە ، ئالايتەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ :
— قېرىغاندا زادىلا ئۆزىڭىزنى ئايىمايدىكەنسىز تەقسىر ، يەنە تۇمۇ تەگكۈزۈۋاپسىز ـ ھە ؟ — دەپتۇ .

## ئۆتمۈش تايىقى

«ئۆگىنىش كۇرسى» دا ناھەق تاياق يەپ كەلگەن ئىشقىيارغا مەكتەپتىن يانغان بالىسى دېدى :
— دادا ، مەن بۈگۈن مەكتەپتە ئۆتمۈشنى ئەسلەش تامىقى يېدىم .
— تازا جايىدا بوپتۇ ، — دېدى ئىشقىيار نامەت ، — سەن مـەكـتـەپـتە «ئۆتمۈش تامىقى» يەپسەن ، مەن ئاساسىي قاتلامدا «ئۆتمۈش تايىقى» يەپتىمەن !

## ئەڭ ئالىي يوليورۇق

ئۆيدە يەيدىغىنى قالمىغان ئىشقىيار نامەت خالتىنى قولتۇققا قىسىپ تۈگمەنگە مېڭىۋىدى ، يولدا قىزىل بەلگە تاقىغانلار ئۇنى توسۇۋالدى :
— ئـەڭ ئـالـىـي يـولـيـورۇقـتـىـن بىرنى يادلا ، بولمىسا ئۆتكۈزمەيمىز !
ئـىـشـقـىيار قولتۇقىدىكى خالتىنى ئېگىز كۆتۈردى ـ دە ، ئوقۇدى :

ئەڭ ئالىي يولىيورۇق ،
بىزنىڭ ئۆيدە نورما يوق .

## مەيدان نېمىش قىلىدۇ

مەھەللىگە چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىشقىيار نامەتنى ئىدارىگە چاقىرىپ دېدى :

— سەن كىم توي - تۆكۈنگە چاقىرسا بىرىنۇبىرىدىكەنسەنغۇ ، مەيدان دېگەن نەرسە بارمۇ سەندە ؟

— بەللى ، — دېدى ئىشقىيار ، — ئالىقانچىلىك سەيناسى بار قورۇ - جايغا يېتىشەلمەيۋاتسام ، مەيدان نېمىش قىلىدۇ ، كادىر ئەپەندى ؟

## ئەرزىنىڭ يارىشىقى

ئىشقىيار نامەتنىڭ ئىچەرمەن بىر قوشنىسى مەلۇم بىر ئىدارىگە باشلىق بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئىچىدىغان بولۇپ كەتتى . ئۆيىگىمۇ مېھماندارچىلىققا چاقىرغان باغاق بىلەن سوۋغا - سالام ئۇزۇلمەي كېلىدىغان بولدى .

بىر كۈنى ئىشقىيار نامەت دەرۋازا ئالدىدا ئولتۇراتتى ، بىر ھاجەتمەن بوۋاي ئەرز كۆتۈرۈپ كېلىپ ، ئىشقىيارنىڭ باشلىق قوشنىسىنى سورىدى .

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى ؟ — دەپ سورىدى ئىشقىيار ، بوۋايدىن .

— بىر پارچە ئەرز تۇتاي دېۋىدىم ، — دېدى بوۋاي ۋە دەرد - ئەھۋالىنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى .

شۇ چاغدا ئىشقىيار نامەت بوۋايغا ئەقىل كۆرسەتتى :

— ئەرزىنىمۇ ئەكېلىپسىز ، تاغا ، لېكىن يارىشىقىنى ئەكەلمەپسىز ، ھازىر دىككىدە بېرىپ مۇنۇ دوقمۇشتىكى

ماگىزىندىن ئىككى بوتۇلكا هاراق ئەكېلىپ، ئاندىن باشلىققا كۆرۈنۈڭ. سىز ئۇنچىقمىسىڭىزمۇ، ئەرزىڭىز ئۆزى سۆزلەيدۇ.

## بۇرۇت تاشلاش

بىر ئەدەپسىز يىگىت بازاردا ئىشقىيار نامەتكە ئۆزىچە «يۇرەك سىرى»نى تۆكتى:

— مەھەللىمىزدىكى بىر قىزغا ساقال تاشلىسام، ئۇ زادىلا يېقىن كەلمەيۋاتىدۇ، قانداق قىلسام بولار؟

ئىشقىيار يىگىتكە مەسلىھەت كۆرسەتتى:

— بۇدا بۇرۇت تاشلاپ بېقىڭ، ئۇناپ قالار.

## بۇگۈندىن باشلاپ تۈزىتىمەن

تويدا ئىشقىيار نامەت بىلەن بىر تاۋاققا قارىغان قۇۋ بىر ئادەم پولۇنى تاۋىقى بىلەن ئالدىغىراق تارتىپ:

— توۋا، ھەر ئادەمدە بىر مىجەز بولىدىكەن - دە، مۇشۇ ئىشقىيار ئاخۇنىنىڭ پولۇ يېمەيدىغان ئادىتى بار دېسە، — دەپ ئۆزى ھەدەپ يېگىلى تۇردى.

— توغرا دەيسىز، بۇ راست ياخشى ئادەت ئەمەسكەن. بۇگۈندىن باشلاپ تۈزىتىمەن، — دېدى ئىشقىيار نامەت ۋە نۆۋەتتە تاۋاقنى بىراقلا ئالدىغا تارتتى.

## ئاپتوبۇس ۋە كالاچ

ئىشقىيار نامەت بىر ياقا يۇرتقا بارغاندا كوچىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ئادەملەرنى كۆرۈپ، يېنىدىكى بىرەيلەندىن سورىدى:

— بىرەر جېدەل بولدىمۇ، نېمە؟

— ياقەي، — دېدى ھېلىقى كىشى — ئاپتوبۇس ساقلاپ

تۇرغانلار ئۇ .

— مۇنداق دەڭ ، — دېدى ئىشقىيار ، — ئەمسە بۇ يەردىكى ئاپتوبۇسقا يۈگۈرگەن كىشىلەر بىزنىڭ يۇرتتىكى كالاچ ساتقان يەرگە يۈگۈرگەن ئادەملەردەك ئىتتىك يۈگۈرەلمەيدىكەن .

## مەسلىھەت

ئىشقىيار نامەتنىڭ قوشنىسىنىڭ ئوغلى بىر مەھەل يېزىقچىلىققا قىزىقىپ قالدى .

— ئىشقىياركا ، يازاي دېسەم ھېچبىر «ياخشى ئىش ، ياخشى ئادەم» تېپىلمايۋاتىدۇ ، قانداق قىلسام بولار ؟ — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئىشقىيار نامەتتىن مەسلىھەت سوراپ ، ئىشقىيار مەسلىھەت بەردى :

— ھازىر كۆل بويىغا بارغىن - دە ، قىرغاقتىكى بالىلاردىن بىرنى ئەپلەپ سۇغا ئىتتىرىۋەت ، كېيىن : «ئادەم قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىرا ، دەررۇ يازغۇدەك «ياخشى ئىش» چىقىدۇ !

## يېغى بار گېزىت

مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە «پرىنسىپقا كۆتۈرۈش» قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ ، تالاي ئادەمنى كۆيدۈرگەن بىر مەھەللە ئاكتىپى ئىشقىيار نامەتتىن تاماكا ، سەرەڭگە ئالدى - دە ، گېزىتكە كەلگەندە بىر گېزىتنى تۇتۇپ بېقىپ :

— سىرى بار ئىكەن - ھە ، — دېدى .

— ھازىرقى گېزىتلەرنىڭ يېغى بار ئىكەن - ھە ؟ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» چىقارغان گېزىتلەرنىڭ يېغى يوق ئىدى ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدى ئىشقىيار نامەت ئەتەي ھېلىقى ئاكتىپقا .

پرىنسىپچى ئاكتىپ دەررۇ ھودۇقتى - دە ، گېزىتتىن بىرنى ئەمەس ئىككىنى سېتىۋېلىپ ، ئالدى - كەينىگە قارىماي كېتىپ قالدى .

## بەش كالا

بىر چېقىمچى : «ئىشقىيار بىر يەكشەنبىدە مال بازىرىدىن بەش كالا ئالدى» دەپ ئۆگىنىش كورسىنىڭ باشلىقلىرىغا چاقتى. سوراق ۋاقتىدا ئىشقىيار نامەت چېقىمچىغا ئىزاهات بەردى :

— ئەتىگەن مال بازىرىدا ماشا هۆۋقۆشتەك پارقىراپ تۇرغىنىڭىزدا بىر قىزىل ئالا سىيىرنى سودىلىشىپ ئېلىپ يېتىلەپ ماڭغىنىم راست. كېيىن ماشا سايىمدەك ئەگىشىپ ماڭدىڭىز. خەنزۇ بازىرىنىڭ دوقمۇشىدا بىر دوقۇرۇشتۇق، كالىنى يەنە بىر كۆردىڭىز، ئىككىما؟ تاشلەپكىنىڭ ئالدىدا چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتىڭىز، تۇكۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتىم، يەنە شۇ قىزىل - ئالا كالىنى كۆردىڭىز، ئۈچما؟ «ئۈچ يۇلتۇز» كارخانىسىنىڭ ئالدىدا كەينىمدىن يېتىشىپ ·كېلىپ، كالىنى بىر سىلاپ قويدىڭىز، تۆتما؟ ! مەهەللىگە كىرگىنىمدە قارىسام ئاللىقاچان دەرۋازامنىڭ ئالدىدا هجىيىپ تۇرۇپسىز، «نەچچە پۇل بولدى؟» دەپ سورىدىڭىز، بەشما؟ يەنە نېمە گېپىڭىز بار؟

چېقىمچى لەت بولدى، ئىشەنگەنلەرگە سەت بولدى.

## خاپا بولمايدىغانسىز

ئىشقىيارنىڭ بىر مەنمەنچى قوشنىسى دائىم ئۇنى كىچىك بالىسىدەك ئىشقا بۇيرۇپ ئارقىدىنلا :

— خاپا بولمايدىغانسىز؟ — دەپ سورايدىكەن. بىر قېتىملىق شۇنداق سوراقتىن كېيىن ئىشقىيار نامەت قوشنىسىغا شۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ :

— يوقسۇ، خاپا بولغۇچىلىكى يوق ئادەمدىن خاپا بولغاننىڭ نېمە پايدىسى، قوشنام؟ خاپا بولمايدىغانسىز؟

# پاك بولمىغان بولسا

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپىدە ئىشقىيار نامەت ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىنىپ تارتىپ چىقىرىلدى . يوقىرىدىن كەلگەن كادىر ئاممىدىن پىكىر ئالغاندا ، ئىشقىياردىن سوراپ قالدى :

— مەھەللەڭلەردە نەچچە ئەكسىلئىنقىلابچى بار ؟

— مەھەللە بېشىدىكى پادىچىدىن باشقا ھەممىمىز ئەكسىلئىنقىلابچى ، — دېدى ئىشقىيار ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ .

— ئۇ نېمىشقا ساق قالدى ؟ — دەپ سورىدى كادىر . ئىشقىيار نامەت جاۋاب بەردى :

— تەلەيسىز بايقوش پاك ئىدى ، بولمىسا ئۇمۇ بۇ ئامەتتىن چەتتە قالمايتتى .

# قالپاق

دۆپپىگەي كادىرلىرى ئىشقىيار نامەتنى تارقاقلاشتۇرۇش ئوبيېكتى قىلىپ ، تۆۋەنگە چۈشۈردى . ئىككى ساقچى ئۇنىڭ لاقا ـ لۇقىسىنى ماشىنىغا بېسىپ ، ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ نازارەت ئاستىدا يىراق بىر يېزىغا ئاچىقىپ قويۇپ ، ئۆزلىرى ئۇ يەردە بىر ھەپتە تاماشا قىلىپ قايتتى . ساقچىلار شەھەرگە كېلىپ ، بېكەتتە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا ، تاماكا ، قەغەز سېتىپ ئولتۇرغان ئىشقىيارنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى .

— ھەي ، ساڭا «بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقىنى كىيدۈرۈپ تاغقا ئاچىقىۋەتسەك ، نېمىشقا يېنىپ كېلىۋالدىڭ ؟ — دەپ گۆلەيدى ئۇلاردىن بىرى .

— ھەرقايسىلىرى كىيدۈرۈپ قويغان قالپاقنى تاغدىكى مالخىيى يوق بىر مالچىغا بىرىۋېتىپ ، — دېدى ئىشقىيار نامەت خاتىرجەم ھالدا ، — يېڭىدىن يەنە بىرەر قالپاق ئالايمىكىن ، دەپ

كىرگەنىدىم .

## مىجەزىنىڭ تۇۋىگە

بىر كۆرەڭ ئادەمنىڭ گېپى چىققاندا بىراۋ ئېيتتى :
— باشلىق بولماستا مىجەزى خېلى ياخشى ئىمىدى ، باشلىق بولۇپ ، ئېمىشقىكىن مىجەزى چاپسان ئاينىپ كەتتىغۇ ـ تاڭ !
— شۇنچىۋالا تېز ئاينىغىنىدىن قارىغاندا ، — دېدى ئەشقىيار نامەت ، — مىجەزىنىڭ تۇۋىگە قىغ كۆمگەن ئوخشايدۇ !

## كەرەشىنىۋاي قىمىز

مەھەللىنىڭ بەگباش يىگىتلىرى پۇلنى قىمىز دەپ ئىمامغا ئىچۈرۈۋەتتى . بىر چاغدا ئىمام يېنىدىكى ئەشقىيار نامەتكە قاراپ دېدى :
— ئەشقىيارئاخۇن ، مۇنۇ ئېمىغۇ جاننىڭ راھىتى ئىكەن ، بىراق رەڭگى بىرقىسمىلا ، راست قىمىزمىدۇ يا ؟...
بـايـاتـىن ئىمامنىڭ ساددىلىقىغا ئىچىدە كۈلۈپ ئولتۇرغان ئەشقىيار ئۇنىڭغا ئېيتتى :
— ئىچىۋېرىڭ تەقسىر ، كەرەشىنىۋاي قىمىز ، دېگەن مانا شۇ !

## ئىدارىسىنى تاپالمايۋاتىمەن

ئـــشقىيار نامەتنىڭ بويىنىغا بىر جاراھەت چىقىپ قېلىپ ، ئىككى يىلغىچە بارمىغان يەر ، كۆرسەتمىگەن ئادىمى قالمىدىيۇ ، زادىلا ساقايتالمىدى . بىر قېتىم ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشمىگەن بىر ئـاغـــنـــسى ئۇنىڭكىگە كېلىپ قېلىپ ، جاراھىتىنى كۆرۈپ ، كايىدى :
— شۇنچىۋالا ۋاقىتتىن بېرى ئېمىشقا داۋا قىلمايسەن ؟

— داۋا قىلاي دېگەنىدىم ، ئاغىنە ، — دېدى ئەشقىيار ، — بىراق كاساپەتنىڭ نەق ئىدارىسىنى شۇ كەمگىچە تاپالماي يۈرىمەن .

## بىزنىڭ ياتاقتا ئەكېلىدىكەن - دە

«ئۆگىنىش كۇرسى» دا ياتقاندا ، ئەشقىيار نامەت بىر كۈنى ياتاقداشلىرى بىلەن مۇڭلىرىنى ئېيتىشىپ ئولتۇراتتى ، تالادىن يىغا ئاڭلاندى :

— ۋاي جىگىرىم ، ئىشىكى تار ، دېرىزىسى يوق ، تامىقى يوق ، ئوچىقى يوق ئۆيگە ئەكېتىۋاتىمىزغۇ سېنى !···

— بۇرادەرلەر ، — دېدى ئەشقىيار ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ ، — بىزنىڭ ياتاقتا ئەكېلىۋاتامدۇ نېمە ؟

## ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ

كىچىككىنە بىر ئىشنى ئايلاپ ھەل قىلالمىغان ئەشقىيار نامەت باشلىقىنىڭ سوۋغا - سالام بەرگەنلەرگە باشقىچە مۇئامىلە قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭدىن سورىدى :

— باشلىق ، چۈشتىن كېيىن بۆلۈمىڭىزدە بولامسىز ؟

— گېپىڭىز بولسا ھازىرلا دېمەمسىز ؟ — دېدى باشلىق ئەجەبلىنىپ ، — چۈشتىن كېيىننى سوراپ نېمە قىلاتتىڭىز ؟

— شۇ تۇرقىدا ئالدى ئىشىكتىن كىرىپ قاپتىمەن ، — دېدى ئەشقىيار نامەت ، — چۈشتىن كېيىن ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ دەيدىغان گېپىمنى شۇ چاغدا دەيمىكىن···

## دەللال

ئەشقىيار نامەت جان بېقىش ئۈچۈن مال بازىرىدا ئانچە - مۇنچە دەللاللىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، مەھەللە كادىرلىرى

ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن بىر باشلىقنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى . باشلىق ئىشقىيارنىڭ ئۆي ئىچىگە تەكشى نەزەر تاشلىغىنىچە سورىدى :
— تۇرمۇشىڭىز قانداق ، نەدە ئىشلەيسىز ؟
— تۇرمۇشىمىز ھەرقايسىلىرى تىلىگەندەك ، — دېدى ئىشقىيار نامەت ، — ئىدارەمنى سورىسىلا ، ئوبلاستلىق مال بازىرىدا ئىشلەيمەن .

## ئىشقىيارنىڭ قوشنىسى

بىراۋ ئىشقىيارنىڭ بىر قوشنىسى ھەققىدە ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى :
— شۇ قوشنىڭىزنىڭ نېمە ئالاھىدىلىكى بار ؟
— ئالاھىدىلىكى تولا ، — دېدى ئىشقىيار ، — ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئەتىگەندە ئويغىنىپ ، بىرەر كىشىنى ئاساسىي قاتلامغا چېقىشتۇرۇۋېتىپ كېلىپ ، ئاندىن ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىدۇ .

## چاقچاقنىڭ پايدىسى

كىشىلەر ئىشقىياردىن سورىدى :
— ئۆمرىڭىزدە چاقچاقتىن لوقىدە پايدا كۆرگەن ۋاقتىڭىز بولغانمىدى ؟
— بولمامدىغان ، — دېدى ئىشقىيار نامەت ۋە ھېكايە قىلدى ، — بىر قېتىم پالانى تۇماقچىدىن بەش سومغا بىر تۇماقنى نېسى ئالدىم ـ دە ، بازارغا ئاپىرىپ ، ئالتە سومغا گۇپپىدە ئۇرۇپ ، خەجلىدىم ، تۇماقچى نەچچە سۆيلەپ پۇلنى ئالالمىدى . بىر كۈنى ئۇ تۇماق كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان يېرىدە يەنە ماڭا ئۇچراپ قالدى ـ دە ، ھېلىقى پۇلنى سورىدى . مەن گەپنى چاقچاققا ئۇرۇپ : «ۋاي ئاپئاق ئاكا ، قىرىق يىل كېزىك بولۇپ تۇكى قالمىغان تۇماقنى

تېخىچە ساتالماپسىز ـ دە !» دېۋىدىم ، تۇماقچى غەزەپتىن تىترىگىنىچە قولىدىكى تۇماقنى ماڭا ئاتتى . ئۇنى كوپىيىدە تۇتۇۋالدىم ـ دە ، تۇماق بازىرىغا يول ئالدىم .

## بىز يۇرگەن كوچىلار

ئىشقىيار نامەت ئۆيلىنىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن خوتۇنى :

— بازارغا بارسىڭىز سۇپۇرگە ئالغاچ كېلەرسىز ، ئۆي سۇپۇرىدىغانغا سۇپۇرگە يوقكەن ، — دېدى .

— سۇپۇرگە دەمسىنا ؟ — دېدى ئىشقىيار ئەجەبلىنىپ ، — ئۆزۈڭ توينىڭ ئالدىدا نېمە دېگەن ؟

— نېمە دەپتىمەن ؟ — خوتۇنىمۇ ئەجەبلەندى .

— توي قىلمىغان چاغلىرىمىزدا ئىككىمىز بىرگە بولۇپ قالساقلا : «يار يۇرگەن كوچىلارنى ، سۇپۇرەي ساچىم بىلەن» دەپ ناخشا ئېيتاتتىڭغۇ ؟ مانا ئەمدى شۇنداق سۇپۇرۇۋەرمەمسەن ؟ بىز يۇرگەن كوچىلار مۇشۇغۇ !

## قورساق ئاغرىقى

مەھەللىدىن بىر ئايلىق خالىسانە ئۆستەڭ چېپىش ئەمگىكىگە ئىشقىيار نامەتكىمۇ باغاق كەلدى . ئەمگەك ئورنىدا ئىش ئېغىر بولغىنىغا قارىماي ، بەرگەن تاماقتا زادىلا قورساق تويمايتتى . قورساق ئاچلىقىغا چىدىمىغان ئىشقىيار بىر كۇنى «ئاغرىپ قالدىم» دەپ ئىشقا چىقمىدى . دوختۇر ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ تەكشۇردى .

— نەرىڭىز ئاغرىيدۇ ، تاغا ؟

— قورسىقىم .

— قانداق ئاغرىۋاتىدۇ ؟ — دوختۇر يەنە سورىدى .

ئىشقىيار نامەت جاۋاب بەردى :

— ئېچىپ ئاغرىۋاتىدۇ .

## ئەمسە يۆتەلمەڭ

ئىشقىيار نامەتنى تېۋىپلىقتىن خەۋىرى بار دەپ ئاڭلىغان بىراۋ ئۇنىڭغا ھالىنى ئېيتتى :

— يۆتەلسەملا ئىچى - قارنىم سانجىقلىشىپ ئاغرىپ چىدىيالمايمەن ، قانداق قىلسام بولار ؟

ئىشقىيار جىددىي قىياپەتتە بىمارغا مەسلىھەت بەردى :

— ئۇنداق بولسا زادىلا يۆتەلمەڭ !

## دۇمتىراڭدى رېن

ئىشقىيار نامەت ساتالمىغان بىر دۇتارنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ بازاردىن كەچ قايتىپ كېلىۋاتسا ، يولدا ئۇنى بىرنەچچە قوراللىق ئىسيانچى توسۇۋاپتۇ - دە ، ئارىدىن بىرى :

— نى شېمي رېن ؟ — دەپ ۋارقىراپ سوراپتۇ .

ئىشقىيار قىلچە ھودۇقماي دۇتارنى چالغاندەك قىلىپ ، ئىسيانچىلارغا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ :

— كۆرمىدىڭمۇ ، مەن تويغا ماڭغان ئوتتۇز يىللىق دۇمتىراڭدى رېن .

## تەسەللى

ئاغزى تولىمۇ بېزەپ بىراۋ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئاغزىنى بۇزۇپ ، ئادىتى بويىچە ئەپۇ سورىدى .

— ھېچقىسى يوق ، — دېدى ئىشقىيار نامەت تەسەللى بېرىپ ، — ئەسلى سىز ئۇ بىرنېمىنى ئاغزىڭىزغا ئالماقچى ئەمەس ئىدىڭىز ، ئۇ ئۆزى ئاغزىڭىزغا كىرىپ قالدى .

## خۇدايىم بۇيرۇسا سىنىڭ ئىرىڭ

لەڭمەن سوزۇۋاتقان خوتۇننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەشقىيار نامەت :
— ئىككى تەخسە يەۋەتمىسەم ، — دەۋەردى ، خوتۇنى كايىپ :
— خۇدايىم بۇيرۇسا دېسىلە ، — دېسىمۇ پەرۋا قىلمىدى . شۇ ئارىدا دەرۋازا قېقىلىپ ، مەھەللە قوغداش ھەيئىتى ئۇنى چاقىرىپ ئەكەتتى . مەھەللە كومىتېتىدا يوقلاڭ دەۋاغا چېتىلىپ ئەلىياتقۇغىچە ئاۋارە بولغان ئەشقىيار بىر چاغدا ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ ، دەرۋازىنى ئۇردى .
— كىم ئۇ ؟ — دېدى ئايالى ئەنسىز ۋارقىراپ . ئەشقىيار ئايالىدىنمۇ ئەنسىز ئاھاڭدا جاۋاب قايتۇردى :
— ئىشىكنى ئاچ خوتۇن ، خۇدايىم بۇيرۇسا سىنىڭ ئىرىڭ .

## ماخمۇ سۇ چېچىڭ

جۇسادۇيدىكىلەرنىڭ قوغلىشىدىن قاچقان ئەشقىيار نامەت مال سالغان ئىشكاپىنى مۇرىسىگە ئارتىپ بازاردىن بىر تار كوچىغا بۇرۇلدى ـ دە ، بولالمىغان يېرىدە بىر پاكار تامدىن ئارتىلىۋىدى ، تەرەت ئېلىۋاتقان بىر بوۋاينىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى . بۇ تۇيۇقسىز پالاكەتتىن بوۋاي ھوشىدىن كەتتى . ئەشقىيار بوۋاينىڭ يۈزىگە سۇ چېچىپ ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى . بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ :
— يائاللا ، نېمە بالا بۇ ؟ — دېيىشىگە ئەشقىيار ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ :
— بولۇڭ تاغا ، ماخمۇ سۇ چېچىڭ ، — دېدى .

## ئۇقۇشۇش ۋە ئۇقۇشماسلىق

ناھىيىگە بىر ئىش بىلەن چىققان ئەشقىيار نامەت قايتىشىدا

گۆش ئالغاچ كېتەي ، دەپ قاسساپ دۇكىنىغا يولۇقۇۋىدى ، دۇكان ئېتىك ئىكەن .

— بۇگۇن ناھىيىدە مال سويمايدىغانلىقىنى ئۇقمايتتىڭىزمۇ ؟ — دېدى شۇ يەردە ئولتۇرغان بىر سېتىقچى .

— ئۇنىغۇ ئۇقاتتىم ، — دېدى ئەشقىيار ، — لېكىن بۇ يەردىكىلەرنىڭ بۈگۈن گۆش يېمەيدىغانلىقىنى ئۇقمايدىكەنمەن .

## ئەڭ ياخشى ناغرا

«تۆگە» لەقەملىك بىر ئادەم ئەشقىيار نامەتنىڭ بىر مەزگىل ناغرا كېرىپ ، جاھاندارچىلىق قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ ، بىر كۈنى چوڭ سورۇندا مەسخىرىلىك ئاھاڭدا ئۇنىڭدىن سورىدى :

— ئەشقىيارئاخۇن ، سىلىنى بەلەن ناغرىچى ئىدى دەيدۇ ، ئەڭ نوچى ناغرىنى نېمىنىڭ تېرىسىدە كېرەتتىلە ، ئېشەكنىڭكىدىمۇ ؟

— يوقسۇ ، — دېدى ئەشقىيار نامەت دەرھال ، — ئەڭ نوچىسىنى تۆگىنىڭ تېرىسىدە كېرەتتىم .

## قاقتىن چاپان

بىر كۆرەڭ يىگىت بازاردا يېڭى كىيگەن خورۇم چاپىنىنى بىر باشتىن ماختاپ كېلىپ ، ئەشقىيارنىڭ ئالدىدا توختىدى . يىگىت ئېغىزىنى ئاچقۇچە ئەشقىيار نامەت ئۇنىڭدىن سورىدى :

— ئۇكا ، سىزگە ھۆكۈمەت رەخت بېلىتى تارقاتمىدىمۇ ؟

— نېمىگە دەيدىلا ؟ — يىگىت ھەيران بولدى .

— ھېچنېمىگە ، — دېدى ئەشقىيار ، — يايما قاقتىن چاپان كىيىۋالغىنىڭىزغا قاراپ دەيمەن ـ دە !

## سۆگەتنىڭ پوقىقى

كېچىدە يالغۇز كېلىۋاتقان ئەشقىيارنىڭ ئالدىغا يوچۇن

ئادەملەر ئۇچراپ قالدى . ئىشقىيار دەرھال ئېرىق بويىدىكى سۆگەتكە چاپلىشىپ تۇرۇۋالدى .
— كىمسەن ؟ — دەپ سورىدى يوچۇن كىشىلەر .
— سۆگەتنىڭ پوقىقىمەن ، — دېدى ئىشقىيار .
— سۆگەتنىڭ پوقىقىمۇ گەپ قىلامدۇ ؟ تولا ئادەمنى كولدۇرلاتما ! — يوچۇن ئادەملەر پوپوزا قىلدى . ئىشقىيار نامەت ھودۇقماستىن جاۋاب بەردى :
— سىلەر گەپكە تۇتۇۋاتساڭلار ، قانداق قىلىمەن ئەمىسە ؟ !

## بىرىنچى مەسلىھەت

بىر ئادەم ئىشقىيارنى تېۋىپ دەپ ئاڭلاپ ، كېسىلىنى كۆرسەتكىلى كېلىپ دېدى :
— قارىمامسىز ھەم قىزىيمەن ، ھەم تىترەپ توڭلايمەن .
— كېيىنكىسىگە ئامال شۇ ، — دېدى ئىشقىيار ، — قېلىنراق كىيىنىڭ !
— ئاۋۋالقىسىغىچۇ ؟ — دەپ سورىدى بىمار .
ئىشقىيار ئېيتتى :
— ئاۋۋال بىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆرۈپ باقمامسىز ؟ !

## ئايلىنىپ يۈرۈپ سېتىۋېرىڭلار

ئىشقىيار نامەت كوچىدا كېتىۋاتسا ئالدىدىن بويۇنلىرىغا ھەددىدىن زىيادە يوغان تاختاي ئېسىلىپ ، سازايى قىلىنىپ يۈرگەن بىرنەچچە تونۇش ناۋاي چىقىپ قاپتۇ . ناۋايلاردىن بىرى ئىشقىيارغا كۆزىنى قىسىپ سالام قىلغانىكەن ، ئىشقىيار نامەت ئاستا پىچىرلاپ ئۇنىڭغا دەپتۇ :
— راسا ئوقەتنىڭ پەيتىكەن ، بوينۇڭلاردا تاختاي بولغاندىن كېيىن چانمايدۇ ، ئايلىنىپ يۈرۈپ ناننى سېتىۋېرىڭلار .

## سىز باشلىق بولمىغاندىمۇ

توي قىلىش ئۈچۈن قىزىل قەغەزگە بارغان ئىشقىيار نامەتنى رايون كادىرى يوقلاش رەسمىيەتلەرنى چىقىرىپ، تولا يول ماڭدۇرۇپ، تۆت - بەش كۈنگىچە راسا ئاۋارە قىلىۋەتتى. يەنە بىر قېتىملىق «ئەتە كېلىڭلار»دا ئەلىمىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ئىشقىيار كادىرغا دېدى:

— بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز بويتاقچىلىقنىڭ ئۆزىمۇ تىنچ ئوخشايدۇ، ئۇكا، بىلەمسىز، سىز قىزىل خەت كەسمىگەندىمۇ خەق خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇۋېتىپ يۈرگەن!

## مۈڭگۈز

مال بازىرىدا ئورۇقلۇقىدىن يىقىلاي يىقىلاي دەپ قالغان قوچقارنى ماختاۋاتقان ساتارمەندىن ئىشقىيار سورىدى:

— بۇرادەر، مۇشۇ يوغان مۈڭگۈز بۇ قوچقارنىڭ ئۆزىنىڭكىما؟

— ئۆزىنىڭ بولماي باشقا بىرىنىڭ بولامتى ئەمىسە؟ — دەپ تېرىكتى ساتارمەن، — تۇغۇلغاندا بىللە چۈشكەن مۈڭگۈز بۇ!

— يالغان ئېيتماڭ، — دېدى ئىشقىيار نامەت، — قوچقىرىڭىزنىڭ ھالىغا قارىغاندا، تېرەك مازاردىكى كونا مۈڭگۈزنى ئۇنىڭغا تاقاپ بازارغا ئەكەپسىز!

## ئۇرۇشۇش

خوتۇنىنىڭ ئۇرۇشقاقلىقىدىن زېرىككەن ئىشقىيار نامەت بىر قېتىملىق جاڭجالدا ئەتەي تەتۈرلۈك قىلىپ، ئۈچ - تۆت كۈنگىچە جېدەلنى بېسىلدۇرمىدى. ئېرىنىڭ كۈتۈلمىگەن تەرسالىقىدىن ھەيران بولغان خوتۇن ئاخىر سورىدى:

— قانداق ئادەمسىز ، ئۇرۇش دېسە تۈت كۇنمۇ ئۇرۇشامسىز ؟
— قىزىقكەنسەن ، — دېدى ئەشقىيار ، — شۇمۇ ئۇرۇشۇش بوپتىمۇ ؟ بىلەمسەن ، سوۋېت بىلەن گېرمان نەچچە يىل ئۇرۇشقان ؟

## خاتىرجەم ئۇيقۇ

ئەشقىيار نامەت «ئۆگىنىش كۇرسى»دىن قويۇپ بەرگەن كۇنى ئالدىراپ ئۆيگە كېتىۋاتسا بىر تونۇشى ئۇچراپ قاپتۇ ـ دە ، ئۇنىڭ ھالىنى سورىمايلا ئۆز ھالىنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ :
— دوختۇردىن كېلىۋاتىمەن قاراڭ ، مەيلى ئۆيدە ياتاي ، مەيلى سالقىنداپ ھويلىدا ياتاي ، زادىلا ئۇخلىيالمايمەن ، ئۇيقۇسىزلىق بىر بالا بولدى . ئېيتىڭا ، ئادەم قايسى كۇنى بىر خاتىرجەم ئۇخلار ؟
— «ئۆگىنىش كۇرسى» دىن چىققان كۇنى ، — دەپتۇ ئەشقىيار ۋە يولىغا راۋان بوپتۇ .

## ئەڭ چوڭ باشلىق

جەمئىيەتتە پارىخورلۇق ئەۋج ئېلىپ كەتكەن كۇنلەردە ، ئەشقىيارنىڭ دېگەن نەرسىنى تېپىپ كېلىۋاتقىنىغا ھەيران بولغان بازاردىكى ئوقەتچىلەر بىر كۇنى ئۇنىڭدىن سورىدى :
— نەدىن بىرنېمىنى تۇتسىڭىز ، شۇنى يۇلۇپ كېلىدىكەنسىز ، شەھەردىكى ھەممە باشلىقنى تونۇمسىز ، نېمە ؟
— ھەممە باشلىقنى تونۇمايمەن ، ئەمما ھەممىسىنىڭ باشلىقىنى تونۇيمەن ، — دېدى ئەشقىيار .
— ئۇ باشلىق كىم ، نەدە ؟ — سورىدى ئوقەتچىلەر تۇشمۇتۇشتىن قىزىقىپ .
— ئەشقىيار نامەت يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ كۆرسىتىپ :
— ئۇ باشلىق مانا مۇشۇ ، مەيەردە ! — دېدى .

[General Information]
书名=笑话精粹　维吾尔文
SS号=40232548